ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# روبائىيات



## (ئىككىنچى قىسمى)

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

1

جاھان سەيياردۇر گويا ، ھەممە زېھنىڭ ساپاسىدا ،
بىراۋدىن ئىزلىمە سۆيگۈ ، ئۇ قەلبىڭنىڭ ناۋاسىدا.
كىشى ئالەم ئۈچۈن ئەينەك ، ئۇنىڭدا بارچە سىر ئايان ،
جۇلادۇر ئىزگۈ بىر ئىستەك روبائىي مۇددىئاسىدا.

2

قاچانكىم بولدى تەن ئىچرە ئىلىم ئىشقىدا جان پەيدا ،
بۇ جانىم خۇددى بۇلبۇلدەك ناۋا ئەيلەپ ئاگا شەيدا.

www.uyghurkitap.com



قاچانكىم بۇ نادان قەلبىم ئىلىم نامىنى تۇغ قىلدى ،
بۇ جانىمغا كىتابەت زەۋقىدىن كۈن-تۈن ئارام قايدا.

3

باھارنىڭ زىننىتى بوستان ، لاچىننىڭ پەخرى پەرۋازدا ،
پىغاندا كۆز يېشى تۆككەن كۆزۈڭ شادلىقتا خۇش نازدا.
ئەمەس بىرخىل پەسىل-دەۋران ،زىمىستان ھەم باھار باشقا ،
نە شۆھرەت سايرىسا بۇلبۇل قىشى-ياز بىرلا ئاۋازدا.

4

جاھان سەيلانىدا يۈرسەم جاھان بىر ھىس-دىڭىز گويا ،
ئۇنىڭ قايغۇ ، خاۋاتىر ، شاد ۋە ناز-خۇلقىدا مىڭ مەنا.
پەلەكتىن تارقىغان نۇردىن شىپا تاپقايكى يەر رەنجى ،
بىراق شادلىقتا نە قىممەت ئاگا دەرد بولمىسا ھەمراھ.

5

ئۆزۈڭسەن دىل سۆيۈنگەن پىشۋارىم بەرق مەلەك گويا ،
دىلىڭ مىسالى ئىلىم جەۋھەرلىرىدىن تەۋرىنەر دەريا.
سىنىڭ يۈكسەكلىكىڭ ئالدىدا ماتتۇر پىتنە ئىغۋاسى ،

پەزىلەت ئۆلگىسى قەلبىڭ- زىمىستان كۆرسىمۇ رەنا.

6

كىشىگە ئىلتىجا قىلما ، كىشى ئىقبالى ئۇ فاندا ،
سائادەت كەلمىگەي ھېچ ئىلتىپاتتىن قولغا ئاساندا.
ھاياتنىڭ لەززىتى سۆيگۈ ، ئۇنىڭسىز ئىختىيار بولماس ،
مەگەر زوق دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىن سورساڭ-ئۇ ۋىجداندا.

7

قارا كۆز كۆلمىدى ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدە بىر مەنا ،
ئەتىرگۈل ھۆسنىدە زاھىر تەمەننا قىلغۇدەك زىبا.
يۈرەك بۇلبۇل كەبى كۆكرەك قەپەزدە تەمتىرەر ھەريان ،
ئۇچارغا يوق قاناتى ، شۇ سەۋەپ سىنەمدە بىر غەۋغا.

8

نىتەي ، ئاپەت مۇھەببەتتىن يۈرەكتە بولدى ئوت پەيدا ،
تۈتەكسىز ئۇشبۇ ئاتەشنى كۆرۈش تەس بولسا دىل ئەما.
چىراغ پەرۋانىسىن كۆرگەن چېغىمدا ئويلىمايمەن ھېچ ،
مېنى قىلدى نەسۇەم ئاقىۋەت پەرۋانىغا سىما.

## 9

ھەسەتخور بولسا باغۋەن-نە ئېچىلغاي باغدا گۈل رەنا ،
ئۆزىنى پىتىنچى -بۇلبۇل دېسە خەندىدە نە مەنا.
بىراۋلار زەمزىمىن ماختاپ ، تۈكۈرسە ئۆز بۇلاقىغا ،
بولۇر چۆللۈك مۈكاپاتى قىلىپ نەم قەترىگە تەشنا.

## 10

گۈزەلگە خوپ ياراشقاي بار گۈزەللىك ئۆلگىسى گويا ،
گۈزەلدە ھەددىدىن ئاشقاي ھەر گۈزەللىك نۇسخىسى گويا.
نە بار ئەركىتىن گۈزەل بىر قەلب ، گۈزەل قىز ھۆسنىدىن كۆرك زات ؟
گۈزەل رۇخسار ، گۈزەل قامەتتە ئالەم كۈلگۈسى گويا.

## 11

زامانىنىڭ ھۆسنىنى كۆرگىن ، زامان تىنىماس راۋان دەريا ،
ئۇنىڭ ئۆركەشلىرى ھەر بىر راۋاندا ئۆزگىچە گويا.
راۋان دەريا قورۇر ئاخىر مەگەر ئايرىلسا ئۆركەشتىن ،
ئۇنىڭ ھەر ئۆركىشى سازەند ، ئۇنىڭ ھەر سازى بىر مەنا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



12

مۇقامىڭ لەك سىلىپ ئاقسا بەئەينى كەلكۈنى دەريا ،
ئۈنى ئاڭلاپ ئاقارمەن بىخۇدى يەلكەن كەبى گويا.
مۇقامىڭ مۇشتىرى بولسام كېچەرمەن غەيرى ئامەتتىن ،
كۆزۈمگە نۇر ئاتا قىل مۇترىبىم ياندا كۆر ھەمراھ.

13

جاۋاھىر غەزنىمۇ دىلدا ، يىلانلار غارىمۇ دىلدا ،
شېكەرنىڭ شىرنى بىرلەن زەھەر دەركارىمۇ دىلدا.
خۇسۇمەت بىرلا مەردلىكنىڭ مەگەركى مەنبەسىن سورساڭ ،
جاۋاپكىم: خىسلەتى ئىنسان ئەمەس ھەركىمدە بىر خىلدا.

14

تۇمان باسماس ھاۋا بولماس پايانسىز دەشتى- دەرياندا ،
گۇمان كىرمەس كۆڭۈل بولماس نە دەنا ياكى تەرسادا.
گۇمان بىرلە پىكىر قىلما ، ئەقىل زېھنىڭ قوياش بولسۇن ،
پىكىر تەختىگە شەيتان شاھ گۇمان بىرلە تەمەننادا.

15

www.uyghurkitap.com



قاقاقالاپ كۈلمىكى زىننەت گۈزەللىك سادۇ-خەنداندا ،
دۇتارنى چالمىقى راھەت ئۈنىك رەڭدار پىشايۋاندا.
بۈگۈن مەن توز بىلەن گويا بۇ باغدا سەيلىدە بولدۇم ،
يۇمۇلغايمۇ كۆزۈم ئەتە ئۈنى كۆرمەستە ئارماندا.

16

ئېغىز ھەركىمدە ھەر تۈرلۈك ، باھا ھەر دىتتا ھەر خىلدا ،
جاھان ھادىسلىرى قاينام ئەمەس تەك شولى ھەر دىلدا.
تەپەككۇر تەختىدە سۇلتان زەكىيلەر ئەقلى ھېكمەتكىم ،
پەقەت تىلسىمنى يەشمەكلىك كارامەت زېھنى قابىلدا.

17

قاراپ تويغايمۇ كۆز چەشمەم سىنىك گۈلدەك جامالىڭغا ،
ئۆزۈڭسەن مەسلەھەت بەر نازىنىن سۆيگۈ ئامالىڭغا.
نىشان قىل مەيلى سەيياھتەك مېنى قاشى كامانىڭغا ،
ۋەياكى قىل توپا قەددىمنى چەيلەپ پۇت ناھالىڭغا.

18

www.uyghurkitap.com



كىشىنى ئوت ئارا تاشلاپ تۇتتۇنما ئۆزگە بىر كارغا ،
كەچۈرگىن بولسا گەر نۇقسان ساخاۋەت قىل ئەيىپكارغا.
كۆڭۈلنىڭ كەڭلىكى دۆلەت ، زەھەر تۇتماق-زەھەر يۇتماق ،
ھەسەتتىن دارغا ئاسقاننىڭ يېزىلمىش قىسمىتى دارغا.

19

كى مەيلى زەردە سائەت تاق ۋە ياكى ئاس ئۇنى تامغا ،
قەدىرلە قەترە ئۆمرۈڭنى ئۇنى پۇچ قىلما ئالدامغا ،
چۈشەن كۆكسۈڭدە بىر سائەت ھاياتلىق ئۆچكۈچى بىر شام ،
سىكونتلاپ قىرقىلار ئۆمرىڭ ، ئۇتۇق تاق تامچىغا شامغا.

20

كۆرۈپ مەستانە بولدۇممەن ۋاپادىن بىخەۋەر يارغا ،
مۇھەببەت مەشئىلىدىن ئۇشلاپ ئېرىشتىن نارى گۈلزارغا.
كۆڭۈلدىن ئاچمىدى خىلۋەت ، لىۋىدىن سۇنمىدى شەربەت ،
پىراقى مەھلىيا قىلدى چىكمىسىز جاننى كۆكنارغا.

21

خۇسۇمەتلەر چىكەر قۇزغۇن چىمەندە خەندە بولبۇلغا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىكەن رەشك ئەيلىگەي بۇلبۇل نەزەر سالغاندا سۇمبۇلغا.
ئىشەكمۇ ھاڭرىغاي ھەتتا ئۆزىنى ئۇستا ناتىق دەپ ،
زىلەيخا كۆيسە نە چارە يۈسۈپتەك ناتىۋان قۇلغا.

22

گۈزەللىك يەتمىگەي ھەرگىز ئۇنىڭ ۋەسلى جامالىغا ،
تاپىنغايلا قۇياش ھەتتا ئۇنىڭ بىر نوقتا خالىغا.
كۆزى سەككىز بېھىشنىڭ راھەتنى ھەمجەھەت قىلغان ،
بىراق قەلبىمدە كەم زېھنى يېتەلمەس سۆيگۈ ھالىغا.

23

تەقەززا ئەيلىسەڭ قانىم خىنە بولسۇن ئاياغىڭغا ،
پۈرەك سالسۇن ئەتىرگۈل بەرگىدەك قوش ئىز زىناقىڭغا.
مەگەر كۆز ياشلىرىمدىن ئۈنچە مارجانلار تاقار بولساڭ ،
مېنى قىل تاڭ سەھەر ئۈلپەت سىنىڭ گۈلنارى باغىڭغا.

24

يولۇقماسمەن گۈزەللىك ئاختۇرۇپ دەرگاھى ئورداڭغا ،
سېلىپ قامچىسى ئۇرماسمەن بەخت زەۋقىدە يورغامغا.
مۇھەببەت مۇڭسى پىشماس ساداق نەيزەڭ دەرەخ بولسا ،

كى شۆھرەتتىن خۇشاللىق شولىسى چۈشمەيدۇ ھويلامغا.

25

ئەسىر بولماق يامان ھېسقا-تۇتۇلماق مىسلى ئىبلىسقا ،
ھاياتنىڭ قەدرى مەزمۇندا ، دىمە ئالتۇننى تەڭ مىسقا.
ئىلىم ئەماسىغا بىر يىل ئۇزاق ، ئىرفاندا كۆز ئاچساڭ ،
ساڭا جەمشىد بىلەن نوھ ئۆمرىمۇ بولغاي يەنە قىسقا.

26

ئەيىبكار ئەت مېنى سۆيگۈدە كۆيمەكلىك گۇناھ بولسا ،
ئۇنى قايتۇر مەگەر ئىلىكدە قۇربەتلىك دۇئا بولسا.
ۋەياكى ئاشىقىغا لالىزار باغىڭنى كەڭ ئاچقىن ،
دېگىن شەرتىڭ ئار قىلماي دىلىڭدا مۇددىئا بولسا.

27

پايانسىز كەڭ جاھاندىن ئەل-خالايىققا سائادەت تاپ ،
سائادەت تىل سىمىدىن ئاچماققا شەمشەر ھەم ئۇچار ئات تاپ.
ئىلىمنىڭ مۇددىئاسى بولمىغاي دانىشنى زىنىنەتلەش ،
خالايىق بەختىگە شەيدا بولۇشقا ئىشتا ئادەت تاپ!

## 28

ۋەتەن تەختىڭ ، ۋەتەن بەختىڭ ، ۋەتەنسىز ئامىتىڭ ماغزاپ ،
ۋەتەن دىيار ، ۋەتەن تۇلپار ، ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
ھەشەمەت روزىغار ، شۆھرەت ياراشماس بولمىسا ئۆز يۇرت ،
بۆلەك ئەل مىسلى بىر ئەگلەك - چىقارغاي ئاقىۋەت تاسقاپ.

## 29

تەسەۋۋۇر ئەتمىكىم شەرتتۇر تۇپادىن تۇتيا ئىزلەپ ،
تەپەككۇر قىلمىقىم ھاجەت ئاۋامدىن ئەۋلىيا ئىزلەپ.
بىھەد ھادىس جاھان ئىچرە كەرەمدىن ئۆزگە شۆھرەت يوق ،
بىزە قەددىڭنى ئۇ دانىش مۇشەققەتتىن زىبا ئىز لەپ.

## 30

مۇناجات قىلدى بۇلبۇل گۈلگە: ئاچقىن غۇنچە گۈل يۈز دەپ ،
يوشۇردى تاجىنى پۈرەك: ئۆزەڭ قانداق قىلىن يۈز ، دەپ ،
سابادىن مەست بولۇپ بۇلبۇل بىلەن گۈل ئەيشى قىلغاندا ،
يىغار قىزلار ئۇ ياقۇت لالە شەبنەمنى <ئۈزۈك كۆز> دەپ.

www.uyghurkitap.com



31

كۆزۈڭ بىر جادۇ تىلسىمكى ، قېشىڭ ھېس ئەھلىگە سايىيات ،
گەرمە كىرپىك ئوقۇڭ تەگسە بولۇر تەقۋامۇ ھەم بەرباد.
جىيالىم بىر جاھاننامە ، ۋىسالىڭ ئەتىكابىمدۇر ،
سېنىڭدىن ئۆزگە كىم غەمناك كۆڭۈلنى قىلغۇسى باردۇر.

32

مەگەر ۋىجدان بېشىغا نەپسى چىقسا كۆرگۈلۈك بەربات ،
نىيەت ئىقبالغا باقىن ، بەدنىيەتنىڭ كەلگۈسى ناشاد.
كېمەڭنى قۇم باسۇر ، تۇلپار ئېتىڭنى دۈشمىنىڭ مىنگەي ،
خالايىق رەھمىتىدىن گەر دىلىڭنى قىلمىساڭ ئابات.

33

لىۋىڭدە بولمىسا شەرۋەت ، ساڭا كار ئەيلىمەس لەززەت ،
كۆڭۈلدە بولمىسا ئىپپەت ، بىزەكتىن پۈتمىگەي خىسلەت.
تەپەككۇر شاھى بول دىلبەر ، خەزىنەڭ مەندار بولسۇن ،
بولالماس سەيلىدىن ئۆزگە يولۇڭدا ئۇچرىغان كۈلپەت.

34

www.uyghurkitap.com



لاۋازىملىق ئەمەس دوستلۇق ، ئۇنىڭ يىلتىز-شىخى ھۆرمەت ،
مەگەر دوستلۇققا دان تىكسەڭ ، ئۇنىڭ ياپراق-بىخى ھۆرمەت.
ئۇنى بۇ ، بۇ ئۇنى ئىشقا سېلىش دوستلۇق ئەمەس ، لاپقۇت ،
غەرەز شۇ بولسا دوستلۇقتىن ئۇنى سەن باشتىراق تەرك ئەت!

35

كۆڭۈلنىڭ قۇلپىنى ئاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ھېكمەت ،
جىدەلنىڭ ئۇرقىنى چاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ئىللەت.
ئاشار قەدرىڭ سۆزۈڭ بىرلە ، بۇنىڭغا يۈز دەلىل شاھىد ،
گۈزەل سۆز قۇت ئاتا قىلسا ، خۇنۈك سۆز يەتكۈزەر كۈلپەت.

369

چىمەن مەيخانىدا بۇلبۇل ئىچەر گۈل بەرگىدىن شەربەت ،
نىچۇن لەب جامىدىن جانان بېخىل سۇنماققا بار بىررەت.
كۆزىنىڭ جادۇ خۇمارى تۇيەيلى شاھ سەۋدا ،
لېۋىدىن بال تامۇر يەرگە ، لېۋىم بالسىز چېكەر ھەسرەت.

37

كۆڭۈل ئىللەتلىرىنى كۆرگىلى كۆڭلۈڭدە ئەينەك تۇت ،
بۇ ئەينەككە تەمەننا داغىنى قوندۇرما ، سۈتتەك تۇت.
نەھاجەت تاجى شاھانە ۋە ياكى خانىشى زۇننار ،
ئەقىل زىرەك ، رەپىق كۆپرەك ، ئۆزۈڭنى ئىشقا شىردەك تۇت.

38

سىرىڭنى ئېيتما دۈشمەنگە ، ئۇنى ھەمدۇستقا پىنھان تۇت ،
بەختسىزلىك بالا دەشتىدە بىل يالغۇز دەرەختۇر قۇت.
رەقىبلىك ئايلىنار دوستقا ، بولۇرلەر دوستمۇ ھەم دۈشمەن ،
پەلەك ئايلانما بىر چەرخكى ، سەۋەب سورساڭ ئۇ تىلسىز بۇت.

39

زەكىلەر رەنجىگە يەتتىڭ يولۇڭغا رەشك - ھەسەت تولغاچ ،
زەكى بوپسەن ، باستىڭ قەدەمنى غەيرىتىڭ بولغاچ ،
چۈشەنمەس قەدرى ۋەزنىڭنى زامانەڭ بولمىسا تىلماچ ،
نەزەر سال ، سايرىدى بۇلبۇل باھار كەڭ چۆلنى گۈل قىلغاچ.

40

ئۇلۇغلاندى ئىلىم ، دەۋران ئېلىمنىڭ قەدرىگە يەتكەچ ،
ئادالەت جىلۋە قىلدى ، كەتتى باشتىن جۇت زىمىستان كەچ.

ۋەتەن گۈللەش ئۈچۈن تەشنا زامانىنىڭ زىنىنتى بىرلە ،
ئىلىم جەڭگاھىدا جەڭ قىل ، ھالاۋەت ھەم تامادىن كەچ.

41

كۆڭۈل بىر قۇش ، نەزەر سالغان كۆزۈڭدىن ئىپتىخارىم بار ،
نەدۇر بىر ئىپتىخار ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىنتىزارىم بار.
نەزەر سالغان كۆزۈڭدە تىلغا چىقماس بىر سىرىڭ پىنھان ،
لېۋىڭدىن بال ئىچىپ بىر كۈن ئۇنى ئىشتمەك خۇمارىم بار.

42

بېرىلمە كۈلكىلەرگە ، بەلكى ئۇندا ھىيلە مەلئۇن بار ،
كېرىلمە شۆھرىتىڭدىن ، كىم بىلۇر باشىڭدا قاي كۈن بار؟
مەگەر پاكلىك كۆتەر بولساڭ ، خالايىق قوينى كەڭ دەريا ،
خالايىقتىن كېيەك ئالساڭ ئۇنىڭ ۋەزنىدە ئالتۇن بار.

43

بېشىدا بولبۇلى ، گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ بۇ خۇشتار ،
جۇغى چاغلىق بۇ شەيدا قەلبىدە قەلبىمچە بىر سىر بار.
شارابىڭ قۇي ماگا جانان ، كەمەندەك تارىغا سۇركەل ،
جاھان بى ئەرزىمەس قەلئە يېنىڭدا كۈلمىسە گۈل يار.

www.uyghurkitap.com



44

كىشىنىڭ خۇلقى مەيلىدە تەپەككۇر سايىسى باردۇر ،
ئۈمىد تۇتقان كىشى ھەرخىل ، ئۇنىڭ ئۆز غايىسى باردۇر.
مەگەر تەن ۋەجىنى مىزانغا سالساڭ پەرقى ئاز ئەمما ،
قەلبلەر پەرقى يەر-ئاسمان ، ئۇنىڭ نە چارىسى باردۇر ؟!

45

ئۈمىدلەر ۋەسلىدىن كۆزۈڭدە دەريادەك يېشىڭ باردۇر ،
دىلىڭدا ھىجرىدىن چەكمىش پىغانۇ-نالىشىڭ باردۇر.
نىتەي ، كەستى ئۆلۈمىڭ قايچىسى شەمئىي ھاياتىڭنى ،
كى كاشكى بولسا ئالەمگە يەنە بىر كەلمىشىڭ باردۇر ؟!

46

ۋەتەن-ئەل ئۈستىخان ، قاندۇر ، ھاياتلىق ئىچرە ھەم جاندۇر ،
ۋەتەن گەر بولمىسا دىلدا تىرىكلىك كۆركى يالغاندۇر.
ھاياتتا جەبرى مىڭ ئەۋزەل-ۋەتەنسىزلىك بالاسىدىن ،
ۋەتەن ئەنگۈشتىرىن بىلمەك كىشىگە تۈنجى ئىرفاندۇر.

## 47

ئۆلۈم ئۆمرىڭگە زور لۇقتۇر ، تىرىلگەن بىر جەسەت يوقتۇر ،
چۈشەن شىرىن ھايات گويا ئۆچەر ئالدىدىكى چوغدۇر.
ناداندىن ئۆزگە كىم ئىچسۇن پۇشايمانلىق گۈلابىنى ،
سەمەرلىك باغۋەنگە كۆز يۇماردا سەمەرىسى زوقتۇر.

## 48

ئەتىرگۈل رەڭگى ئي جانان ، گۈلابىڭ جانغا راھەتتۇر ،
لېۋىڭ جامىدا بال ئىچمەك ماڭا قۇتلۇق مۇكاپاتتۇر.
شىپايى تۇتىيا گويا كۆزۈڭنىڭ مېھرى چۈشكەن بال ،
چۈشەن جانان شەيدايى تەقدىرى ئامانەتتۇر.

## 49

كۆڭۈل كەڭ كائىنات گويا ، تەپەككۇر بەرقى يۇلتۇزدۇر ،
كۆڭۈل گەر بى لەھەت گويا- قاراڭغۇ ، تار ، سوغاق مۇزدۇر.
خۇنۇك ئىبلىس قارا نەپسىگنى زېھنىڭ كارى قىلغۇنچە ،
خالايىق ئەرشدە پەرۋاز ئېتىش- بىل قانچىلىك ئۇزدۇر.

## 50

www.uyghurkitap.com



< كۆزۈمنىڭ ئالدىدا قەد كەر> دېگەن بىر شەھرى ماچىندۇر ،
بىراق روھىم ھەممىشە نۆبىتى نەزمىلە غەمكىندۇر ،
چىمەن مەستانىسى بۇلبۇل بۈگۈن گۈلشەندە خەند ئۇرسا ،.
مېنىڭ زېھنىم ئۇنىڭ خەندىگە ئۇلپەت كۆكتە لاچىندۇر.

51

قارا ساچىڭغا گەر باقسام بۇ ئىقلىم تۈن ، سەھەر يوقتۇر ،
بۇ زۇلفىڭ زۇلمىتىدە نۇر يۇزۇڭ يەڭلىغ قەمەر يوقتۇر.
بىھۇشلۇق يەتتى مۇشكىگىدىن ، پەقەت لەبزىگىدە ھۇش ئابى ،
قاراقىڭ جادىدىن تەندە تىرىكلىكتىن ئەسەر يوقتۇر.

52

ۋاپاسى يوق پەرىلەرگە كۆڭۈل قويماق نادانلىقتۇر ،
بەئەينى بىر دېڭىز تۇرمۇش ، ئۆمۈر بىل ئىمتىھانلىقتۇر.
مەگەر يەلكەن قەغەز بولسا ، دېڭىز سەيلىگىدە مىڭ ئاپەت ،
ۋاپاسىز قۇش مىنىپ ئۇچساڭ نەسۋەڭ بىل يامانلىقتۇر.

53

كۆزەللىكتىن ئۈزۈق چاچساڭ گۈلستانىڭ بېزەكلىكتۇر ،
ئۈزۈم تىكسەڭ ، ھەسەل يىغساڭ تائامىڭ قەنت گېزەكلىكتۇر.
زەھەرلىك بولسا گەر كارىڭ ، سېنىڭ ئاخىرقى دەرگاھىڭ ،
غەزەپ-دەھشەتكە تولغان لەنەت چالما كېسەكلىكتۇر.

54

پىراق ئوتىڭ كاساپەتتۇر ، سېغىنماق دەشتى ئاپەتتۇر ،
چۈشەش گويا سائادەتتۇر ، ۋىسالىڭ مىسلى ئامەتتۇر.
دېمە لەۋزىمنى دەرۋىش ھالىدا ئېيتقان جۈنۈن ئەھدى ،
قەلەندەر قەلبىدە ئىدراك- جاھان شاھى رىياسەتتۇر.

55

پىراقى جادىدىن تەندە بۆلەك كارغا ئامال يوقتۇر ،
خىيالى مەھبۇسىدەك دىلغا ھەم راھەت قامال يوقتۇر.
سېغىنچام ئىستىقامەتكىم ، مېنى زار ئەتتى بۇ جانان ،
گىلاس كالپۇكلىرىڭدىن زەپىرەڭ مەگزىمدە خال يوقتۇر.

56

كۆكۈلنىڭ كورلىقى كۆز كۆرلىقىدىن كۆپ خۇنۇك بەتتەر ،

كۆزى ئەما كىشىگە ھەر قاچان ھېسداش جىمى بەسەر.
غادايغان شاختا نە ئەنجۇر ، تەكەببۇر دىلدا يوق گۆھەر ،
كىبىر مەلئۇنى بەگ بولسا- خالايىق ئىچرە بىنەزەر.

57

كۆڭۈللەر ئارزۇسىنى كېسەلمەس ئالماسۇ-خەنجەر ،
ھەقىقەت ئاشىقى ۋىجدان جىمى بۆھتان ئارا قەيسەر.
يۈرەكتە بىر تەپەككۇر شاھى ھېس تۇلپارىغا مىنمىش ،
ئۇنى نۇرانە سالھىلدىن تۇتالماس سۇرسىمۇ ئەجدەر.

58

ئايا دىلبەر ، زورۇر چاغىم ماڭا بىر كاسە شەربەت بەر ،
تەرەھھۇم بىرلە ناز ئەيلەپ چېچىلغان دىلغا خىلۋەت بەر.
كۆڭۈل ئابىغا چاڭقار زېھنى يالقۇن ئىچرە ھارغان ھېس ،
يۈزۈڭدىن گۈل ، كۆزۈڭدىن نۇر تۆكۈپ جانىمغا راھەت بەر.

59

سېغىندىم لەبزىنى يارنىڭ ، كېرەكمەس ئۆزگە شەربەتلەر ،
پاناھ بولماس سېغىنغاندا بۆلەك ئەلدە مۆرىۋەتلەر.
ئارامگاھىم ۋەتەن قوينى ، ئۇنىڭدا رەنجى دەرمانىم ،

ئاتا قىلماس ماڭا قۇت غەيرى ئەلدە مىڭ ئىبادەتلەر.

**60**

ھەسەتخور گەر ھەرە بولسا ، چۈشىندۇر پىتنى ئىغۋاگەر ،
ئىشەنچ بۇزماق ، توزاق قۇرماق تۆپەيلى ئەل كېسەل بەتتەر.
بۇ ئىككى نەس چىقىپ تۇرسا ، ئۆسەك سۆزلەر تېپىپ تۇرسا ،
روناق تاپقايمۇ ئەل بۇندا ، زايا كەتمەيدۇ تۆككەن تەر.

**61**

تۆپەڭگە ئاق يوپۇق تارتىپ ، بولۇپسەن مىسلى بىر ئاق غاز ،
كۆرۈنمەيدۇ بىراق خەندىڭ-سۆزۈڭدىن يا گۈزەل خۇش ناز.
ھايات زىبالىقىنىڭ خەزىنىسى يوق تۇرسا قەلبىڭدە ،
نە چىققاي خاك ۋە خەس دىلدىن جاۋاھىر غارىدەك ئاۋاز.

**62**

كۈزەلگە باق ، گۈزەللىك سۆي ، كۈزەللىكتىن ئېلىپ ئەنداز ،
خۇنۇكلىكتىن قۇتۇل ، ئۆمرۈڭ كۆركسىز ئۆتمىسۇن بىر ئاز.
مەئىشەتلىك ، پاراۋانلىق مەگەر بوستان ،دېسەڭ گويا ،
كۈزەللىك قۇش ئېرۇر زۇمرەت سامادا ئەيلىگەن پەرۋاز.

## 63

كىشىلىك زىنىنىتى سۆزدۇر ، يەنە ئالەمگە خاقان سۆز ،
گۈزەل سۆز باغۇ-بوستان ، تۇتى ھەم بۇلبۇلچە خەندان سۆز.
ئۆمۈر-مەكتەپ ، تالاۋەت ئەيلىسەڭ ئىرپان-ئىلىم كۆپتۇر ،
بۇ ئىرپانلارنى مىڭ يۇلتۇز دېسەڭ ، زەر بەرقى چولپان سۆز.

## 64

كىشىدە بولمىسا ھېسداش-ئۇلۇغ سەزگۈ ، ۋاپا بولماس ،
كى ئۆز قايغۇسىدا يۈرگەن كىشىدە خۇش ناۋا بولماس.
كۆڭۈل گەر بولسا بىر خەزىنە ، جاۋاھىر ئۆزگىلەر مېھرى ،
خەسىس باشىغا كۈن چۈشسە ، ئۇڭا ھېچ رەھناما بولماس.

## 659

قەلبلەر قازىسى ۋىجدان ، ئۇنىڭسىز پاكى دىل بولماس ،
ئۆزىدىن ھېچ نۇمۇس سەزمەس-جامائەتكە خىجىل بولماس.
ئادالەت قىبلىگاھىڭدۇر ، ئۇنىڭسىز بولمىغاي قۇت پاك ،
ھەرە مەغرۇر چېچەك تەختىدە ، ۋىجدان ئۇندا بىل ، بولماس.

66

ۋەتەنگە داغ-غۇبار يەتكۈزمىكىدىن زور گۇناھ بولماس ،
ئاناڭدۇر يەككە ئەل يۇرتۇڭ ، بۇ ئالەمدە يەنە بولماس.
ۋەتەن تۇپراقى ، سۇ ، ئوت ھەم ھاۋاسىغا ھۇنەر قوشساڭ ،
كى يوق ھېچ مۆجىزە ، ھەتتا دىيارىڭدا بىنا بولماس.

67

تەپەككۇر ئىختىدارىڭسىز مۇھەببەت ئىشتىياق تاپماس ،
مۇشەققەت ئىمتىھانىڭسىز پىكىر-زېھنىڭ سىناق تاپماس.
ساداقەت قەھرىمانىنى تاماشا قىل مۇشەققەتتە ،
ئەجىرسىز بال ھەرە سەيلە-چىمەنسىز خۇش پۇراق تاپماس.

68

سالامىم سىز مۇبارەككە مېنىڭ ۋەزنىمدە ئارتۇقراق ،
گۈزەل مەدھى بىلەن تولمىش تېنىم سەۋرىدىكى ياپراق.
قارا تۆھمەت تۇمانى چېھرىڭىزنى قاپسىغان بىر چاغ ،
سۆيۈنگەن ھۆرمىتىم ساقلاندى دىلدا خۇددى سۈتتەك ئاق.

69

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەسەتخور گەر بولسا ناتىق-دەرەخ ئورمان بولۇر چوقماق ،
غەزەلخان بولسا ئىغۋاگەر-چېكىلگەي قان بىلەن تۇپراق.
تەپەككۇر سەنئىتىنىڭ بارچىسىغا ئاق كۆڭۈللۈك سەرت ،
كۆڭۈلدە بولمىسا باغۇەن ، قەدەمدە كۆلمىگەي ياپراق.

70

بولۇر ھەسرەت- ئىشەنگەن ئۆلپىتىڭدىن يەتسە مەلئۇنلۇق ،
بولۇر ئاپەت-غازاڭ پەسلىدىن ئاۋۋال يەتسە سۇلغۇنلۇق.
يامانلىق ياخشىلىقنىڭ چەك نىشانىن سەزمەكلىك مۇشكۇل ،
قىلۇر جەڭگاھتا سەركەردە نىيەتىن بۇزسا ، ساتقۇنلۇق.

71

دىلى تاردا ھەسەتتىن ئۆزگە ئەلگە قايدا ھېسداشلىق ،
مەگەر ئەل بولمىسا دىلدا جاپاغا قايدا بەرداشلىق.
مۇشەققەتنى تەپەككۇر ئوزىقى بىلسەڭ ئۈنۈم بولۇر ،
چۇشەن قايغۇ بىلەن شادلىق ئارا باردۇر قېرىنداشلىق.

72

جاھاننىڭ شاھى بولساڭمۇ نەھاجەت خۇي تەمەننالىق ،

www.uyghurkitap.com



كۆلەر دەۋران ئارا بىر كۈن گاداھلار ئەھلى مەنالىق.

ئۆتەر ھەمدە ئۆزىنىڭ زېھنىنى دەركارى ئىقلىم دەپ ،

ۋە كىملەر ئۆتمىدى بۇندىن ، ئەمەس بەخشەندى زىبالىق.

73

دىيارىم خاكى جىسمىم ، قىبلىگاھى ئابى قانىمنىڭ ،

ئۇنىڭ سۆيگۈ پىراقى شۆھرىتى ۋىجدانۇ-جانىمنىڭ.

قازا بولدى نىچە قەيسەر رەھىمسىز جۇت شىۋىرغاندا ،

بۈگۈن ئۈستىدە زەر سۇمرۇغ بەخت قۇچقان ماكانىمنىڭ.

74

ئاقار لاي سۇ كەبى ئۆمرۈڭ كۆڭۈلدە بولمىسا غايەڭ ،

نە بولسۇن قۇت ساڭا ھەمراھ ، پەقەت ئۆلپەت ساڭا سايەڭ.

ئۇلۇغ خاھىش ، بەلەن ئىستەك ئۆمۈر جەۋلانىغا ئىلھام ،

بۇ جەۋلان بولغۇسى ھاسىل مەگەر غەيرەتتە تۇرسەڭ يەڭ.

75

قىيا باقىپ ئۆزۈڭ دىل سازىنىڭ دۇتارىنى چەكتىڭ ،

شۇ دۇتارىڭغا ئوتلۇق ھىجرىنىڭ ئازارىنى چەكتىڭ.

كى بۇلبۇل خەندىدىن گۈل بەرگى شەبنەم ياش بىلەن تولدى ،
كى كۆكنار شەربىتى ئوخشاپ كۆڭۈل خۇمارىنى چەكتىڭ.

76

مەگەر ئامەتكە دۇچ كەلسەڭ ئەجىرسىز بولسا تەرك ئەتكىل ،
مەگەر راھەتكە دۇچ بولسەڭ خالايىق بولمىسا كەتكىل.
مۇقەررەر ئالمى دەۋران ، سەۋەپسىز بولمىغاي ھادىس ،
كۆرۈنگەن ھەر بىزەكلىكنىڭ تېگىگە زەڭ سېلىپ يەتكىل.

77

تەپەككۇر شام چىراغ گويا ئۆزۈڭنى كۆر ، يولۇڭنى بىل ،
ئەقىل تەختىدە سۇلتانسەن ، كى كەمتەرلىك ۋەزىر قابىل.
جاسارەت سەركىرىك بولسا ، ۋاقىت بىلمەك مۇنەججىملىك ،
مىسالى خانىشىڭ ھەر خاھىشىڭ بەخشەتكۈچى مەنزىل.

78

يامان سۆز تىغ ، ساداق تۆھمەت نىشانى ھېس ، تەپەككۇر ، دىل ،
ئۈنىڭ زەربى كۆڭۈلدە زەردە قوزغار ھەپتە ، ئاي ھەم يىل.
كۆزەل سۆز گۈل ، ھالال سۆز مىسلى ھېكمەت ، دىل ياشار ئاندىن ،

كامالەت مېۋىسى پىشماس كىشى گەر بولمىسا ئادىل.

79

داۋان مۈشكۈل ئەمەس ، ئادەم ئىچىدىن چىقمىسا مۈشكۈل ،
نە قىلغا تىلسىم ئالەمدە سېھىرلىك بولمىسا كۆڭۈل.
كىشىلىك ئىشقى بىرلە ، جەبرى بىرلە بۇ ئۆمۈر ئۆتتى ،
نادانلىق ھەم ھەسەت ، ئىغۋا تۆپىلى گۈل دىيارىم چۆل.

80

كۆمۈلمىشتۇر لەھەتكە قەلبى ھىجران بۇلبۇلى ئادەم ،
پىراق داستانىدىن ھەر پەسىل ئۆتكەي ياش تۆككۈپ ئالەم.
لەھەتكىدىن قىزىلگۈل ئۈنسە قانىمدىن شەپەق ئەيلەپ ،
زىيارەتكا قىلۇرمەن كۆز يېشىمدىن قاندۇرۇپ شەبنەم.

81

كۆڭۈل گۈلشەن ،كۆڭۈل خەزنە ،كۆڭۈل شەربەت ،كۆڭۈل ئالەم ،
كۆڭۈلگە گەر گۈزەللىك ھەم كەرەملىك بولسا يار ھەمدەم.
كۆڭۈل دەۋزەخ ،كۆڭۈل زىندان ، كۆڭۈل ئاغۇ ، كۆڭۈل ئاپەت ،
كۆڭۈلگە گەر جۇنۇكلۇق ھەم قاباھەت پۈكسە ھەر ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



82

ئىلمىنىڭ شامىسەن يۇرتۇم ، ساڭا پەرۋانىدۇر ئالەم ،
ۋاراقلاپ قامۇسۇڭ كۆرسە ، دىگەي: دۇردانىدۇر ، ئالەم.
جاھانغا نۇر بېرىپ ئاخىر ئۆچۈپ ياتتىڭ ئەسىر بويلاپ ،
زامانەم ياقتى شامىڭنى ، ئالار نەپ بەھۇزۇر ئەلەم.

83

پىراق شەيداسىمەن ، مەنچە خۇنۇكتۇر سۆيگىسىز ھەردەم ،
كى شادلىق ، قايغۇ تاۋىدىن بۇ سۆيگۈ قەسرىسى كۆركەم.
ساداقەتسىز ھەۋەسلەر سۆيگۈلۈك بابىدا مەلئۇنلۇق ،
ساداقەت ئەجرىدە مۇشكۈلنى يەڭمەك سۆيگۈگە ئايەم.

84

تەمەننا قىلما گۈل بەرگىڭدىكى شەبنەم مېنىڭ ياشىم ،
نىگارىڭدا جۇلا قىلغان مۇھەببەت تەپتى ئوتقاشىم.
تەقەززالىق پىراقىدىن بۆلەك بىر مۇپتىلا بولسا ،
ئىجاد ئىستەرمىدى سۇمبۇل چۋچىكىنىڭ ئاستىدىن باشىم.

85

تىلىڭدىن بال سۈنۈپ ئۆتتۈڭ ، لىۋىڭدە تۇرسا مۇختاجىم ،
تېنىمگە تىغ ئۇرۇش قەستىڭ ئاياغلاشقۇچە ئىلاجىم.
بىزار ئالەم شېكەر تىللىق ، زەھەر دىللىق گۈزەللەردىن ،
تۆكۈلدى بەرگى ياپراقىم سېنى بىلگەچكە گۈلتاجىم.

86

چىمەنسەن بۇلبۇلىڭمەن يار ، غەەلدۇر ھەر مەھەل خەندىم ،
كى بەرگىڭ شەبنەمى تەشنالىقىڭدا ئۆرگىلەي دەردىم.
مەگەر تەڭرى سېنى دەريا پەرىسى قىپ بىنا قىلسا ،
سۆكۈپ بۇلبۇل تونىنى ، چورتىنىڭ بوپ شۇڭقىغاي ئەردىم.

87

ھاياتنىڭ جەبرىسى بىر يان ، زەپەرنىڭ پىتنىسى بىر يان ،
بولۇر ھەتتاكى شەيتانمۇ بىغىلىڭ پۈتكەن چېغى مېھمان.
قوشۇلماس نۇر ھايات شامىڭغا لوقمان يا ئىبنىسىنا ،
بىراق غالىپ ئۆزۈڭ بولسا ئەقىل ھەم جۇرئىتىڭ سۇلتان.

88

گۈزەل تىل سۆزىدىن ئايان جاھاننىڭ سەركىسى ئىنسان ،

زۇراۋانسىز بىپايان ئالەم بۇ سەركەردىدىن كۈتەر پەرمان.
ئەقىل كىر ، سۆز خۇنۇك بولسا ياغار ئاسمان-زېمىندىن تاش ،
ئاۋام مەيداندا ئۇل خار ، كى ئۇ زات بولسىمۇ سۇلتان.

**89**

تەپەككۇر شاھىدىم سەن -سەن مېنىڭ قەلبىمگە ئى ئىنسان ،
تەسەۋۋۇر قۇدرىتىم سەن-سەن تەبىئەت مۈلكىدە خاقان.
خۇشاللىق ، ئىپتىخار ، زەۋقىم بىجادۇرسەن بىلەن دىلغا ،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگە قەلبىمدە نەقىلسۇن زەررە يات ئارمان.

**90**

قۇرۇق شۆھرەت ھۇزۇرىدىن نە زىننەت كۆرگۈلۈك ئىنسان ،
ۋەيا راھىب بولۇپ بۇتتىن نە سۆيگۈ سۆيگۈلۈك ئىنسان.
كىيىپ شەيتان نىقابىنى كەمەكنى قىلسا ھىللەڭ مات ،
چۈشەنگەن چاغى ھالىڭنى قاقاخلاپ كۈلگۈلۈك ئىنسان.

**91**

ئېغىر مۆھلەت ئارا مەردان- مۇشەققەت تاغىدا ئارسلان ،
كى خارلىق ئىلكىدە مەغرۇر-دىمەك سەن چىن سۆيەت ئىنسان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناماyan ئەيلىسە ئارچا ھايات زىبالىغىن قىش-ياز ،
ئۈمىد دەپ پارلىغان تۈن قوينىدا تاك ئاشىقى چولپان.

92

جاپا تۈپاندا نوھتەك بۇ تەننى ئاسرىدىڭ جانان ،
تىنىم ئاتەشكە چۈشكەندە ئۆزۈڭنى ئەيلىدىڭ سۇلتان.
زىمىستان ئىچرە سەرساندا ماڭا ئىللىق ماكان بولدۇڭ ،
ۋاپا قۇرئىسىدا سەنچە ھېچ ئىنسان بولمىغان ئايان.

93

تەكەببۇرلۇق شاياتىنىڭ شارابى دىلنى مەست قىلغاي ،
كىبىرلىك بىر ھەرە گويا چىنار قەددىڭنى پەس قىلغاي.
ئەقىل كور بولسا ئۆچكەيلەر كىشىلىك قەدرىنىڭ شامى ،
پۇشايمان ئوغسى مۇغرۇرنى ئاخىر ئىندىمەس قىلغان.

94

ھايات سۆيمەيدۇ تۇرغۇنلۇق ، ئۇنىڭ ھەركارىدۇر كەسكىن ،
شۇڭا قەيسەر يۈرەكنىڭ ئىشتىكى ئەشئارىدۇر ، كەسكىن.
غىلابىدىن غىلاپ تىككەن كىشى گەر كۈتسە تەسكىنلىك ،

چەۋەنداز شەمشىرىن سوققان قۇيۇچچى تىغقا دەر: كەسكىن.

95

جۇدا قىلما گۆھەر-ياقۇتنى چاقناق نۇر ھۆزۈرىدىن ،
قورام تاشتىن نە پەرق ئەتكەي گۆھەر ئايرىلسا نۇرىدىن.
جۇدا قىلما مېنى مەيلى بەخت يا غۇربىتىڭ ئىچرە ،
كىشىلىك شەنىنىڭ نۇرى ئۈمىد شەمئى غۇرۇرىدىن.

96

تەكەببۇرلۇق نىشان بولغاي-ئەقىل كور بولسا ئامەتتىن ،
كىبىر كۆلگەن چېغى قالماس نىشانە ئىستىقامەتتىن.
تەكەببۇرلۇق ئۆمۈر دەرياسىدا بۆزغۇننى دۆلەت دەر ،
قۇمۇشتا بولمىغاي خىسلەت چىنارلىق قەددى قامەتتىن.

97

خىيانەت قەلبىگە سىڭگەن كىشى دەسلەپ دىيانەتتىن ،
ئىناۋەت ئىزدىگەي سۆزلەپ ھامان بىز ئاز ھىدايەتتىن.
خىيانەتكار قۇتۇلماس ئاقىۋەت مۇنداق قىيامەتتىن ،
ئۇڭا يەرمۇ ،ساماۋۇ كۆرسىتەر شۇنداق خىيانەتتىن.

98

ئۆمۈر گۈلشەن ، ئىجاد گۈلشەن ، بۇ گۈلشەن ئەجرى ئەمگەكتىن ،
جۇدا بولسا جۇلا قىلماس ئۇنىڭ ھېچبىرى ئەمگەكتىن.
ئۇلۇغ سەركەردە يا ناتىق ، مۇھەندەس ياكى بىر نەققاش ،
ياراتقاي مۆجىزە ھەتتا ئىلمنىڭ پىرى ئەمگەكتىن.

99

قارا كۆز باق كۆزۈمگە نۇرى چەشمەڭ تۈتىيا بولسۇن ،
لىۋىمگە شەربىتىڭ تامغۇز جۇنۇنمغا داۋا بولسۇن.
تەسەددۇق ئەيلابان جان راھىتىدىن سۆزلىسەم راستۇر ،
مەگەر لەبزىڭ دىيسەڭ يالغان ، ئاڭا كۆزۈم گۇۋاھ بولسۇن.

100

ساڭا بۇنچە تەمەننانى جاھاندا كىم رىجا ئەتكەن ،
يەنە كىم ئەركىنى خارلاپ سېنىڭگە ئىلتىجا ئەتكەن.
غۇرۇر ئىنسانى خىسلەتتۇر ئۇنى خار ئەيلىمە ھەرگىز ،
قارا ، ئىنسان غۇرۇر بىرلە كارامەتلەر بىجا ئەتكەن.

**101**

سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭنىڭ تۇتقىنى بوپ مەن يوقالغانمەن ،
ئۆزۈمنى ئاختۇرۇپ تاپسام چېچەك بولسىتانغا تولغانمەن.
تەقەززا ئەيلىمەس بۇلبۇل كەبى قەلبىم قەپەزگاھىنى ،
قىزىلگۈل دەپ تىكەنلەر دەستىدىن قانغا بويالغانمەن.

**102**

كۆڭۈلنىڭ تارلىقىدىن بىنەزەر قالغانغا يىغلامسەن ،
ۋەيا بىئارلىقىڭدىن خۇش نەزەر بىركىمنى تىللامسەن.
ئەقلىنىڭ كورلىقىدىن كۆرمىدىڭ ئۆزنى ئۆزۈڭدىن ھىچ ،
چېكىپ ھەسرەت ھەمىشە باشقىلارغا پەندى ئىلھامسەن ؟

**103**

ئۇمۇستار زارلىماق ، سۆيگىن ھاياتنى لەززىتى بىرلە ،
ئۆمۈر قامۇسىنى توشقۇز ھەققەت ئىبرەتى بىرلە.
غەزەللەر يازمىساڭ مەيلى ۋەزىن ،مىسرا ، رىتى بىرلە ،
تەپەككۇر گەنجىنى يىغقىن"روبائىيات" ئېتى بىرلە.

**104**

ھايات چەكلىكلىكىدىن بىلگىن ،ئۇنى ھەر كۈندە بىر ئەسلە ،
شامالغا سالما ئۆمرۈڭنى "ئوزۇق توپلا" "ئوتۇن كەسلە".
ئۆمۈرنىڭ قىممىتىنى ئۆلچىگەي ئەلگە قوشار تۆھپەڭ ،
پۈتۈن ئەجرىڭ بىلەن ئەل مەختىگە شەربەتنى پەيۋەسلە.

105

مەگەر سەن خالىساڭ جانان ، ۋۇجۇدۇمنى دۇتار ئەيلە ،
يۈرەك رىشتىمنى چەكمەككە كۆڭۈلدىن ئىختىيار ئەيلە.
سىنىڭ ساز بىرلە ناخشاڭدا گۈزەل قەلبىڭ نىگار ئولسۇن ،
چىمەن جىسمىڭنى قەلبىمگە ئۆمۈرلۈك رۇزىغار ئەيلە.

106

نە قىسمەتلەر بېشىڭغا يەتسىمۇ قىسمەتكە زار ئەتمە ،
مەگەر ئامەت ساڭا يەتسە ، كىشىنى ئىنتىزار ئەتمە.
نە كۈلپەت ئىنتىزار بولماق ، نە خارلىق نالە-زار قىلماق ،
بىمەنە قايغۇ-شادلىققا كىشىلىكنى بىزار ئەتمە!

107

ساداقەت ئەھلىدىن ئۆزگە كىشىلەردىن ۋاپا كۈتمە ،
ئۈنىڭدىن بىۋاپا ئالەمنى ئوڭشارغا داۋا كۈتمە.
پەلەكنىڭ شوتىسى تولغان ۋاپاسىز پەللە ، ئادەتكە ،
ۋاپاسىز ، قەلبى ناپاكتىن ۋاپا ئەھدىن يانا كۈتمە.

108

جاھان مەشغۇلى ھەركەتتە ، ئۆلۈممۇ مۇتلەق ھەركەتتە ،
ساۋاپ شۆھرىتىنىڭ پۈتمەس قاراپ تۇرساڭ بىكار چەتتە.
ئۆلۈمگە يىغلىغاندىن يىغلىغىن بىھۇدە ئۆمرۈڭگە ،
ۋاقىت دۇردانىنى چەيلەپ ئۆمۈر ئۆتكۈزمە غەپلەتتە.

109

گۈزەللىك بىر سەپەر گويا ، قونالغۇ ئەقلۇ-ئىدراكتا ،
مۇھەببەت مەھلىيا بىر ھىس ، ئاڭا شاھىد ساداقەتتە.
جاھاننىڭ سەيلىسى بىرلە ئۆمۈرنىڭ تەجرىبى شۇكى:
ئۆمىد قايغۇغا يولداشكىم ، تۇرار ئەندىشە راھەتتە.

110

سالامەتلىك-سائادەتلىك ، يەنە ئەل سۆيىسە ھۆرمەتتە ،

www.uyghurkitap.com



سانالماس بىنەزەرلىك قۇت ، يۈرۈپتۇ كەڭ مەئىشەتتە.
خالايىق رەھمىتى بىر تەخت ، بىراق ئۇ ئەجىرسىز پۈتمەس ،
بۇ تەختىڭ ئاچقۇچىن سورساڭ: تۇرار ئۇل ئىزگۈ خىسلەتتە.

111

جاھالەت بىر خۇنۇك تۈنكى ، ئۇنىڭ تۈن پەردى غەپلەتتە ،
بۇ غەپلەت بىر چۈشەكەشكى ، ئۇنىڭ ھەر ئەۋجى دەھشەتتە ،
نادان-كاجلىق تۈپەيلى پىتنە ،بوھتان ، رەشك-ھەسەت قاينار ،
ئاگا ئەل ئاشىقى قاقشار كۆرۈپ بۇ ھالنى ھەسرەتتە.

112

شېئىر شوھرەت ئەمەس ، ئەمگەك-ساپاسى ھېس ۋە ئىدراكتا ،
سىياقىڭ قانلىچىلىك بولسا كۆرۈنگەي سۆزدە ئەينەكتە.
تەپەككۇر كاننى قازماي ، تەسەۋۋۇر تىكلىمەك مۈشكۈل ،
جاۋاھىر تاپقىلى بولغاي كۆڭۈل كەڭ بولسا كۆكرەكتە.

113

شىجائەت بولمىسا سوققان يۈرەك گۆش خۇددى كۆكرەكتە ،
جاسارەت بولمىسا قالغاي نىيەت چۈش شەكلى ئىدراكتا ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۈزەل ئىدراكتا كۆچ بەرگەن جاسارەت بۈركۈتى گويا ،
ئۇنىڭسىز بولمىغاي بەرپا گۈزەل بىر سەمرە ئادەتتە.

114

زامان كۆلگەي ماكان قەيسەرلىرى گەر ئىزدىسە چارە ،
زامان قىلسا جۇدۇن-بولغاي پاراسەت باغى مىڭ پارە ،
ئۇنىڭ غۇربەت بالاسى كاج ، تېپىلماس ھېچ ئاڭا تىلماچ ،
نەچارە: چارىسىز ھەر چارىسىدا بولسا بىچارە!

115

زامان مۇھتاج زەكىلەرگە زەكىلەر كانى ئەل ئىچرە ،
زەكى ئېيتۇر: زەكىنىڭمۇ چۈشەنسەڭ جانى ئەل ئىچرە.
مەگەر ئەل بولمىسا قايدىن ئىلىم مۇخلىسلىرى چىقسۇن ،
گۈزەل دەۋرانىنىڭ ھەتتا چىچەك بوستانى ئەل ئىچرە.

116

جاھان خۇرشىدلىرى يەتمەس سېنىڭ فىردەۋسى رەڭگىڭگە ،
نىچۈن سەن بولمىدىڭ دەرمان مېنىڭ بىمارى دەردىمگە.
چېلىپ ئىشقىڭدا مەن دۇتار ، ئۆزۈلدى تارىسى ئاخىر ،

كۆلۈپ بىر باقمىدىڭ جانان مېنىڭ دۇنياچە ئەجرىمگە.

117

جامالىڭسىز قىلالماس ھېچ ۋىسال سىنەمنى خۇرسەندە ،
لېۋىڭنىڭ "جامى"دىن ئۆزگە نە قىلسۇن مەي قەدەھ مەندە ،
كۆزۈڭ شەھلاسىنى كۈن-تۈن نىجاتلىق قۇتبى بىلدىم يار ،
نەھاجەت ئۆزگە ۋىسالى ، ھەممە تەل تۇرسا بىر سەندە.

118

كۆزۈڭگە تەلمۈرۈپمەن يار ، بەسىرلىك يەتكۈچە كۆزگە ،
يۈزۈڭگە تەلپۈنۈپمەن تا سىرىقلىق يەتكۈچە يۈزگە.
ۋاقىتنىڭ قۇشلىرى پەرۋاز ئېتىپ باشىمغا ئاق چاشتى ،
ئەسىر بوپ ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم سۆيۈش نامىلىق شۇ بىر سۆزگە.

119

سابا يىغلايدۇ ئاھ ئېيتسام چىدالماي نالە-زارىمغا ،
زېمىن تەۋرەيدۇ داد ئېيتسام مېنىڭ مۇڭلۇق قارارىمغا.
يۈرۈپمەن بىپايان يوللار ئارا سەركەشتە دەرۋىشتەك ،
بىلەلمەسمەن نەسىبى تەقدىرىم قايغا بارارىمغا.

120

ئايا دىلبەر نەھەددىمدۇر ساڭا قەلبىمنى بەرمەسكە ،
كۆڭۈل ساھىلىغا چاچقان ئۈرۈق-دانىڭنى تەرمەسكە ،
ساداقەت-ئەسلى شەيدالىق-ئۆزىن ياتقا بەخش ئەتكەن ،
بىلىپ تۇرغان چېغىمدا قايتىدىن ئالەمگە كەلمەسكە ؟

121

نە قانغاي گۈلگە بىر باغۋەن ئۆمۈرلەپ گۈل بىلەن يۈرسە ،
قانائەت قايدا بۇلبۇلدا چىمەندە بىر ئۆمۈر سۈرسە ،
قارا ساچىڭغا كۈن-تۈن تەلمۈرۈپ باقسامۇ باققۇم بار ،
ئارامىم شول: كۆزۈم جادۇ كۆزۈڭنىڭ جامىغا كىرسە.

122

ئىشەنمە رەشكى-غەيۋەتتىن ساڭا كىم سوۋغا كەلتۈرسە ،
نە چارەڭ بىر كۈنى تۆھمەت بىلەن ئول دوغا كەلتۈرسە ،
پەلەك بىر چەرخى ھادىستۇر ، تەپەككۇر تەختى تەمكىنلىك ،
ۋاقىت ساپىياتىنى ئەقلىڭ دىرەكلەپ ئوۋغا كەلتۈرسە.

www.uyghurkitap.com



123

پىداكارلىقتا مەن-مەندە ، ئۆزەڭنى دالدىغا تارتماي ،

قۇسۇر يۈز بەرسە مەن-مەندە ، گۇناھنى ئۆزگىگە ئارتماي ،

ھالاۋەتتە دېمە مەن-مەن ، ياراشماس مەرتكە مەنمەنلىك ،

نەزەر سال شۇنچە مەنمەنلەر ياتار تار قەبرىدىن ئارتماي.

124

كىتابەتتىن ئىلىم تاپقىن ، ھاياتتىن تەلىم ئال تىنماي ،

ئۆمۈر دەرياسىنىڭ تەكتى چوشەنسەڭ ئۈنچىگە ئەڭ باي.

ئىلىم گەر ئاشىقلىق بولسا بەئەينى بىر تولۇن ئايدەك ،

كۆرۈنگەي بولسا دىل ئۆتكۈر مىسالى قەترىدە ئول ئاي.

125

ۋەتەننىڭ گۈل بىناسىغا ئاتاپ ئۆمرۈڭنى زەر خىش قوي ،

خالايىق ئىستىگىن ئاقلاپ ئىلىم سۆي ، ئەمدى ئۇيقۇڭ قوي ،

چىلىش تۇلپارلىرى كىشنەر جاسارەت ئەھلى مىنسۇن دەپ ،

تومەنىمىڭ ئارغىماق بىرلە ئۇلۇغ مەنزىلگە چامدام قوي.

126

بۇ ھىجرەت بۇلبۇلنى كۆز يېشى سەلەپى غەرق ئەتتى ،
جاھان چاقماقلىرىدا چاقمىقى ئەبغانى بەرق ئەتتى ،
ئۆكۈنگەن بىرلە ئالەم لەۋزە قىپ شەپقەت ئاتا قىلماس ،
چۈشەن ، ھەسرەت ۋە شادلىقتىن جاھان ئايلانما چەرخ ئەتتى.

127

نەپەس سۈرمەكلىكىم مۈشكۈل ئۈنىڭدىن بولسا جان خالى ،
ئەسىر قىلغاچ مېنى ئىككى قېشىنىڭ ئورتىدا خالى ،
مېنىڭدەك خالى مەپتۇنغا نەزەر سالغايمۇ مەغرۇر ئاي ،
نە مۇمكىن ئېيتقىلى دىل سىرلىرىن ، ئۇ تۇرسىمۇ خالى.

128

شەپەق ھۆسنىگدە نەقشەيلە پەرىشان روزىگارىمنى ،
چېچەك شەبنەم بىلەن گۈل قىل مېنىڭ سولغان نىگارىمنى.
كۆكۈل رىشتەم بىلەن ئەشتىم سېنى كۆيلەشكە دىل تارى ،
سېنىڭ شەنىگگە ياندۇردۇم يىگانە شامى بارىمنى.

129

سەھەرنىڭ نەي ساداسىدەك ئىشتىتىم نازۇ-خۇلقىڭنى ،
تۇرۇپ قالدىم كۆرۈپ گۈلزار ئارا توز ئەينى تۇرقۇڭنى ،
قېشىڭنى ئوينۇتۇپ ئۆتتۇڭ ، بېشىمغا مىڭ ساداق تۆكتۇڭ ،
سىلارمەن قايسى چاغ جانان سىنىڭ سۇمبۇلچە زۇلفىڭنى.

130

پىراقىڭ تەننى شام قىلدى ، يېشىم ئەسلەتتى توپاننى ،
تارامىلاپ تولدۇرۇر بۇ شام مېنىڭ سىنەمدە شامداننى ،
سېغىنچىڭ ئاقۋەت ئىستەك سىياسىگە قوشۇپ قانىم ،
ۋۇجۇدۇمغا خىتاپ قىلدى: ئېلىپ ياز دەپ قەلەمداننى.

131

تاماخورلۇق خۇنۇك ئىللەت ، ئۇنىڭدىن سورما ۋىجداننى ،
كۆزىنىڭ ئاچلىقى ھەتتا گۆرۈگە تاشلىغاي جاننى ،
تامادىن مۇددىئا پۈتمەس ، تاماخور نەپسى بىر تويماس ،
ئۇنىڭدىن قايسى ئىللەت زور يوقاتقان قەدرى ئىنساننى ؟

132

پەرى پەرۋىش ئىتىپ دىل كۆكتە پەيدەك قىلدى پەرۋازنى ،

گۈلاب سۇندى گۈلى بۇلبۇلغا ئەيلەپ گۈلچى گۈلنارنى ،
شۇدەم ئەبغان بولۇپ پىنھان ، ۋىسالىڭ زەۋقى ئايانىكىم ،
نەھاجەت ساز ، سەنەم سىنەمدە چالغاچ رىشتە ئاۋازنى.

133

قەدەھ ئال دانىشىم ، ئىچكىل بۇدەم شادلىق گۈلابىنى ،
راۋان قىلدىڭ ئىلىمنىڭ بەھرىگە زېھنىڭ كارابىنى.
تەپەككۈر كۆلكىسى يۈكسەك ئاڭا ھېچبىر زەپەر يەتمەس ،
سېنى قۇتلار جاھان تىلسىملىرى تاشلاپ نىقابىنى.

134

تىرىش ئوغلان ،تىرىش-تىرماس ، ئەجىرسىز كۈتمە ئامەتنى ،
زەپەر مەغرۇر مەلىكە ھېچقاچان سۆيمەيدۇ نامەردنى ،
ھايات دەريا تېگىدە لۆجىلەر چۆكتۈرگىلى قەستلەر ،
كۆپۆكتىن ئىزدىمە گۆلشەن ، قانائەتتىن سائادەتنى.

135

گۆزەلىنىڭ چاچلىرى دەريا-ئېقىتقان نەچچە سۇلتاننى ،
چىرايى كۆركىلىك شەمئى-تۇتاتقان مىڭچە پەرۋاننى ،

چۈشەن بويىندىكى مارجان-شېھىد-شەيدايىلار باشى ،
لېۋىنىڭ شەرتى قەستلەيدۇ بۇ تەندىن ئالغىلى جاننى.

136

لېۋىڭ شەربەتمۇ يا ئوغا ، يوقاتتى ھۇش قارارىمنى ،
كۆزۈڭ تىلسىممۇ يا جادۇ قارام قىلدى باھارىمنى ،
چېچىڭنىڭ لەشكىرى گويا پىكىر شاھىمنى مات قىلدى ،
سېنىڭدىن ئۆزگە قاي قۇدرەت يېشەلدۇرگەي خۇمارىمنى.

137

ئەجىر-ئەمگەك بىلەن شۆھرەت تاپار ئادەم قىرى-ياشى ،
دەقىقىنىڭ ۋەزنى ئالتۇندۇر نەسىپ گەر بولسا يۈز ياشى ،
ھەۋەس گويا ۋاقىتنىڭ قەستىدە يۈرگەن قاراقچىدۇر ،
يۇچەك ئۆتكۈزمە ۋاقىتنى سېنى قىستايدۇ كۆز ياشى.

138

نە دۆلەت ئىشتىياقىمدۇر ،ماڭا تۇغقان دىيار ياخشى ،
نە راھەت زەۋقى رايىمدۇر ، ماڭا مەشغۇلى كار ياخشى ،
دىيارىڭ گەر گۈلۈستان بولسا ئۇندا راھىتىڭ ھازىر ،

خىيال سەيلانىسىدىن ئەجرى-ئەمگەك بەرقارار ياخشى.

139

تەن كىرەر تۇپراق لەھەتكە ، نام قالۇر ئەفكار ئارا ،
ئۆتسە ئۆمرۈڭ ياخشىلىقسىز مەڭگۈلۈك روھىڭ يارا.
بۇ ھايات بىر ئىمتىھان: باغۇەن ، زىيانكەش ئايرىلۇر ،
ئۆزگىگە قويساڭ تۇزاق ، كۆتكەي سىنى يۈچۈن ئورا.

140

بىغۇبار ھۆسنۈم دىسەڭ ھەر تاڭدا ئەينەككە قارا ،
بىغۇبار قەلبىم دىسەڭ ئەل شەنىگە سۈرمە قارا.
ئەل ئىچى ھېكمەتلى ئەينەك ، ئۇندا ئايان سۆرىتىڭ ،
نەيلىمەك رەڭگىڭگە ئەكسەر بولسا گەر قەلبىڭ قارا.

141

مىڭ تۈمەن خىل ھادىسە چەكسىز جاھان دەرگاھىدا ،
ئېچىلار كۆركەم چېچەك كۈندەش بىغىدا گاھىدا.
چىن گۈزەللىكنى كۆرۈپ ئىنكار قىلالمايدۇ كىشى ،
زەر چېچىپ تۇرغاچ ھەققەت كەڭ نەزەر ئاگاھىدا.

142

ئەگمىدىم سىرىن شىخنى زوق بىلەن تاڭ ۋاختىدا ،
تەلمۈرۈپ باقتىم چېچەككە خۇددى كۆتكەندەك نىدا.
مايسىلار ئۈستىدە قاپتۇ تۈنكى سۆھبەتنىڭ ئىزى ،
ئاقتى مەڭزىمگە يېشىم سىما بولۇپ كۆزدىن جۇدا.

143

گۈل ئۈرچىلماس گۈلگە گۈل دەۋران باھارنىڭ بولمىسا ،
سايرىسا بۇلبۇل كەبى گۈل ئىختىيارىڭ بولمىسا.
زىننەت ھەم تىلەش بىلەن شۆھرەت ساڭا بولماس رەپىق ،
قايغۇ يا شادلىققا تۇتقان پەخرۇ ، ئارىڭ بولمىسا.

144

تاڭ بېقىپ سالدىم تورۇمنى نەزمىلەر ئوكيانىغا ،
يا مۇيەسسەر مەن بېلىققا ياكى مارجان كانىغا.
كىم بىلۇر قۇمرىغا بەنت بولغان دىۋە قەھرى بىلەن ،
چاڭ سالۇر ياقامغا ئول قايتىپ كېلىپ دەرمانىغا.

## 145

ئاي پەرىم نازدىن ئەقلىنىڭ تەڭپۇڭنى پۇزدىلا ،
خۇددى چولپاندەك ساما يۇلتۇزلىرىدىن ئۈزدىلا.
تاڭ بىلەن كۈلگەن پۇرەكنىڭ گۈلى رەنا دەستىنى ،
يا بىلىپ-بىلمەي پىقىرنىڭ ئىلكىگە تۇتقۇزدىلا.

## 146

گۈل گۈزەل ،گۈلشەن گۈزەل ، باغۋەن دىلى ئۈندىن يانا ،
گۈل-چېچەككە كېپىنەكلەر سەيلىگە باغۋەن پاناھ.
خۇددى گۈللەر تەڭرىسىدەك ئاشۇ باغۋەن قەلبىدە ،
بىھساب جەننەت سىماسى جۇۋە ئەيلەر دائىما.

## 147

كۆزلىرىڭنىڭ چاقمىقى قىلدى كۆزۈمنى مەھلىيا ،
سۈرمە رەڭلىك كىرپىكىڭ بولدى كۆزۈمگە تۇتىيا.
شۇنچە ئاھ ئۇرسامۇ دىلبەر قىلمىدىڭ پەرۋا ماڭا ،
ئەكسىچە سالدىڭ ھەمىشە زۇلمىنى ئاتەش گويا.

## 148

جەبرىلەر چەكتى ھاياتنىڭ جۇت ئارا مىسلى گىيا ،
چەكمىدىڭ تۇپاندىمۇ ، سەندە غۇرۇر بولدى قىيا.
ئاي ۋە يۇلتۇزلۇق ساما زۇلمەتتە بەنت بولغان كېچە ،
شام كەبى ياندى دىلىڭدا تاڭ ئىشەنچى دائىما.

149

گۈل قەدەھ قالغان قۇرۇپ ، جانسىز بەدەن غۇربەت بولۇپ ،
جام بىلەن مەي ، جان بىلەن تەن ئاز تۇرار ئۇلپەت بولۇپ.
بىھساپ بىلمە ئۆمۈرنى ، ھەر كۈنى بىر بەرگ غازاڭ ،
چۈشمىسۇن جامىڭغا ئارمان كۆز يېشى ھەسرەت بولۇپ.

150

كۆيدۈرەر جانان مېنى كۆزىدە جادۇ ئوينىتىپ ،
سۆيدۈرەرمۇ بىۋاپا لەۋ جامىدا شەربەت تۇتۇپ.
ئوتقا سالدى ئۆرتىدى پەرۋانە چاغلاپ خەستىنى ،
كۆيدۈرەرمۇ گۈلشىنى سەيلانىدا كۆڭلۈم ئۇنۇپ.

151

بىر ئەقىل بىرلە موھىتتا سەيلىتەر مىڭ سەيلىگاھ ،
مىڭ ئەقىلدار ئىچىدىن ئالەم تۇتار زېرەك چىقار.
كۆك ساما ئاستىدا تۇپراق قۇت بېرەر ئىنسانغا كۈچ ،
بەختى ئىقبال كۈلمىسە زېرەكلىكنىڭ قالغاي بىكار.

152

گەر ۋەتەن دەپ كۆيلىسەم نەزمەم ئىچىدىن بال ئاقار ،
سىنە-قەلبىمنى ھېسابسىز سۆيگۈ ئىلھامى قاقار.
بۇ ئانا تۇپراققا شان قوشماق ئۇغۇللۇق ئىستىكىم ،
قىلسا پەرۋاز مىسلى سۇمرۇغدەك ئاڭا ئالەم باقار.

153

قايسى بىر رەڭدار چېچەكنىڭ ھۆسنى دىدارىڭچە بار ،
قايسى بىر ياقۇت قەدەھنىڭ كەيپى خۇمارىڭچە بار.
گۈلگە بۇلبۇل ، جامغا مەيخور بەندۇ-شەيدا بىگۇمان ،
قايسى شەيدانىڭ پىراقى مەن گىرىپتارىڭچە بار.

154

نازۇ-نىمەت داستىخانى ئىپتىخار مەيدانىدۇر ،

www.uyghurkitap.com



ئۇندا ھەر دىدار غەنىمەت-پاك كۆڭۈل بوستاندۇر.
گەر بۇ مەيدان ئىچرە پىتنە باشلىسا ناكەس بىرى ،
پاك پىكىرلەر ، ساپ كۆڭۈللەر تەڭ ھارام بولغاندۇر.

155

مەيلى شاھ مەيلى گادا ئىلكىدە بىر خەزنە ياتۇر ،
ئول-ئۆمۈر ، گويا راۋان دەريا كەبى تىنماي ئاقۇر.
شاھلا ئاۋارە بولغان خەزنە-چىن خەزنە ئەمەس ،
شەيسى خىسلەت ئىتبارىڭ ئۈستىدە باشىڭ قاتۇر.

156

گۈل تۈلۈپ تۇرغان بىغىڭغا كۆرگىنى رەنا كېلۇر ،
يەر تاياپ ياتقان چىغىڭدا يانىڭا دەنا كېلۇر.
بەزىدە دەريا قۇرۇق ، بەزەل باسار چۆلنى قىيان ،
رەڭمۇ رەڭ ئۇبرازغا باق ، ھەر شەكلىدىن مەنا كېلۇر.

157

شۆھرەت ئاتىنى مىنەرنىڭ-ماھىرى كەمتەر بولۇر ،
كىمكى شۆھرەت ئىچرە كەمتەر-ئول يېتىلگەن ئەر بولۇر.

ھەر زامان ھەركىمگە ئامەت كەلسە ئۇ باقى ئەمەس ،
يەردە سۈت ئەمگەن كىشىنىڭ بارگاھى يەر بولۇر.

158

قايسى بىر كۆلگۆن شاراب بىر كۆلگۆنىڭچە مەست قىلۇر ،
ھۆسنىدە گۈل ، كۆزىدە نۇر ، لەۋدە بال پەيۋەس قىلۇر ؟
بىلمىسە ئالەم ۋاپا ، قىلغايمۇ گۈل يۈزلەر ۋاپا ،
شول نىزام: دەم باشقا تاج ، دەم پۇت تېگىدە خەس قىلۇر.

159

گۈلگىمۇ ئەندىشە قىلماق ، كېپىنەك ئويناپ قونۇر ،
شاخچىغا قۇشلاپ كېلىپ ، پەيلەر قىقىپ ، سايراپ قونۇر.
كىم كۆرۈپ كۆكسىمدىكى قان زەردىنى گۈلدەك بىلىپ ،
چەشمە زارىم شەبنەمنى دۇر بىلىپ تاللاپ قونۇر ؟

160

بىر چىمەن كۆردۈم ئۈنىڭ قاشىدا بۇلبۇل ئولتۇرۇر ،
خۇش ناۋا بۇلبۇلغا گۈل شەبنەم شارابى تولدۇرۇر.
رەشكى قىلما ، گۈل بىلەن بۇلبۇل تاماشاسىن كۆرۈپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يارغا بال تۆككەن چېچەك ياتنى تىكەندىن ئۆلتۈرۈر.

161

تۇرمىغاي زەر پۇل قولۇڭدا ،ئۇ ھامان سەيياردۇر ،

بىر دەقىق شۆھرەت ماقامىڭ بىقارار ھەيياردۇر.

ئىلمۇ-ئىرپاندىن بۆلەك يوقتۇر ئۆمۈرلۈك ئاشنا ،

ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئەل ئارا ئەفكاردۇر.

162

بىلمىدىم كۆڭلۈمدە بارمۇ قەيس-مەجنۇندىن ئەسەر ،

لەيلى زۇلپىڭ مۇشكىدىن سىنەمدە ئوت ئۇنسىز كۆيەر ،

باقىلى ھۆسنۈڭگە رايىم تىلپۇنەر ھەم ئەيمىنەر ،

ئاھ نىتەي لەززەت لىۋىڭنى قايسىبىر "مەيخور" سۆيەر.

163

لالە ھۆسنۈڭە بېقىپ كەتتى يۈزۈمدىن لالىلەر ،

خۇش ئۈمىد ئورنىغا ئالماشتى نەپەستە نالىلەر.

سۆيگۈ بىر بەگباش قۇيۇن جىسمىمغا زالىم شاھ گويا ،

بە بىلۈر سۆيگۈ ئازابىن كۆرمىگەن بىگانىلەر ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



164

ئاينى تۇتماق كۆككە ئوق ئاتماق ساڭا شۆھرەت ئەمەس ،
تاجۇ-تەختىڭگە پۈكۈنمەك بىلدۈرەر ھۆرمەت ئەمەس.
ياخشىلىق ئەل شەنىنى ، ئەل بەختىنى مىزان قىلار ،
ئەل ئۈچۈن چەكسەڭ رىيازەت-ئۇ بەخت ، ھەسرەت ئەمەس.

165

خار بولۇپ ئاپتاپتا ياتساڭ كىم سېنى خار ئەيلىمەس ؟
جۆرئىتىڭ بولمايدىكەن كىملەرمۇ دىشۋار ئەيلىمەس.
قۇت تېپىپ شاھ تاجىدا قىلساڭ جۇلا زۇمرەت بولۇپ ،
ھەر قاچاندا ، ھەر زاماندا كىم سېنى يار ئەيلىمەس ؟!

166

تەلپۈنەر كۆز چەشمىسىنىڭ بارچىسى گۆھەر ئەمەس ،
چايقىلىپ تۇرسا چىنىدە ھەممىسى كەۋسەر ئەمەس.
ئامىتىڭنىڭ بارىدا ئۆلپەتتە ئۆتكەن بەزىلەر ،
سايرىسا باشىڭدا سا قوغلارغا تەڭ قەيسەر ئەمەس.

167

قوي جاھان مەغرۇرلىقىڭ ، ئىسراپ ساڭا ، شۆھرەت ئەمەس ،

ھەم تېجەش ،كەمتەر ياشاش بەختىڭ ئۈچۈن كۈلپەت ئەمەس.

بولدى رىم ئاخىر ھالاك كەيپى-ساپا ، شۆھرەت بىلەن ،

كىم پىتىنغاي ئېيتقىلى- بۇ كۈن يەنە قىسمەت ئەمەس.

**168**

ئارچا جىسمىم قاغجىراق بولماستا قونسا سۇمرىقۇش ،

چىللىسا تاڭ ۋەسلىنى ، گۈم بولسا زۇلمەت ھەم ھوقۇش.

ئەرزىمەيتتى ئەلدىكى شادلىقتا چەككەن جەبرىلەر ،

دىلدا دەريادەك غەزەل ئۆركەش ئىدى تاپقاندا ھۇش.

**169**

بولدى پىنھان يار گويا گۆگۈمگە غەرق ئەتكەن قۇياش ،

زەپىران مەگزىمگە كۆزدىن خۇددى يۇلتۇز- ئاقتى ياش.

جەزبە ئىتىپ تۇرغان بىلەن خۇشبۇيى ئاشۇ ئارغامچە چاچ ،

پىر كۆرۈندى ، ئاچمىدى قايتا نىگارىن باغرى تاش.

**170**

سەبرىنى سەۋزە قىلىپ ، كۆز ياشىنى بىلمەك گۈرۈ چ ،

قاننى ماي ئەيلەپ تېنىمنى ئاش ئۈچۈن قىلماق خۇرۇچ.
كىم بىلۇر بىر باش پىيازدىن قەدىر ئېلىپ ئۇماي ئانا ،
ئەمدى بۇزغان يارنىڭ قەلبىگە سالغاي ئەقلى-ھۇش.

171

يار لېۋى-بەرگى قەدەھ ،جام گۆھىرىدىن ياخشىراق ،
يار لېۋىنىڭ شەربىتى يات كەۋسىرىدىن ياخشىراق.
بۇلبۇل ئېيتار: بولسىمۇ رەنا گۈلۈڭ غۇربەتكە بەند ،
ئىتتىقادۇ-ئىشقىدا ھۆر-پەرى-غىلمان ياخشىراق.

172

قىلمىغىن ئارتۇق ھېرىس نامىڭدىن ئىنساندىن ئۇلۇغ ،
دىمىگىل زىبالىقىڭنى باغى بوستاندىن ئۇلۇغ.
سەن كىشىلىك قەترىسى ، جىسمىڭدە سۇ ، تۇپراق ،ھاۋا ،
ئۆمرى نوھ بولساڭ-دېمە قەدرىڭنى دەۋراندىن ئۇلۇغ.

173

گۈل چىمەنلەر مۇشتەرىنىڭ بىرسى رەڭلىك كېپىنەك ،
بىرسى گۈل قىسماقتا خۇشتار قەلبى چوغ ئاپئاق بىلەك.

بىرسى بۇلبۇل گۈلگە ئاشىق سۆيگەندىن خەند ئەيلىگەن ،
ئاھ ، جاھان گۈلزارىدا بىر نوقتىغا ھەرخىل يۈرەك.

174

بۇلبۇلۇك خەند ئەيلىمەس باغى باراقسان بولمىساڭ ،
قاپلىماس باغىڭنى ئەنبەر بەرگى رەيھان بولمىساڭ.
نە سەۋەپ مەڭزىڭ تېگىپ مەڭزىمنى قىلدى رەڭگى چوغ ،
كۆزلىرى جادۇ ، لىۋى لالە بەدەخشان بولمىساڭ؟

175

ئول پەرى ھۆسنى خىيالىم كۆكىدە چولپان مېنىڭ ،
ئار ئېلىپ سۆز ئېيتمىدىم ، قەلبىمدە ئۇ سۇلتان مېنىڭ.
ئىسمى زاتىنى سورار بولساڭ "تاۋاقتا ئۇنچە تاق"
ئۇنچىدىن يانسا چىراغ-جىسمىم دىمەك ، پەرۋان مېنىڭ.

176

كىمكى قىلسا قەستكارلىق قىلمىشى غەيۋەت ئۈنىڭ ،
كىمكى ئىچسە بۇ شارابنى رەڭگى بەد ھەيۋەت ئۈنىڭ.
قەستكارلىق بىر بالا ، بولغاي ئۆزىمۇ مۆپتىلا ،

كىمكى تەرك ئەتسە ۋاپانى قىسمىتى دەھشەت ئۈنىڭ.

177

لەپىشگەن يەلكەن تېگىدە قەڭ قىلۇر بىر توپ لەھەڭ ،
دەم جۇدۇن قىپ ، دەم قىلىپ ناز ، ئوينىتىپ مىڭ ياڭزا رەڭ.
سەن ئۇنى ئىقلىم ھاۋا دەپ يۆرمىگىل بىخۇد بولۇپ ،
تاڭنى كۈتكىن دانىشىم ، تەكتىگە سالغانچە زەڭ!

178

مەن ئىچەرگە كاسە تۇتسام ئۇردى ، سۇندۇردى شامال ،
يەردە مەي نالە قىلۇر ، ئىچمەككە يوق بولدى ئامال.
دىلدا بىر سۆيگۈ ، نەزەردە چەرخى ئالەم سەيرىتەر ،
نە سەۋەپ ئەھلى ئىلىمگە شۇنچە خۇشتار رەنجى -ھال.

179

قوندۇ سۇمرۇغ چىنارغا ، بەزىدە قاقشالغىمۇ ،
خىسلىتىڭ ھەم قىسمىتىڭ تەسىر قىلۇر ئىقبالغىمۇ.
گەرچە ھېكمەت قامۇسىغا مەنە ئېيتساڭمۇ يەنە ،
بەزىدە ئوخشايدۇ ھادىس رەمچى سالغان پالغىمۇ.

180

پىكرىدىن گۈللەر چېچىپكلەپ ، سۆز بىلەن بولغاي خازان ،
گەر تەپەككۇر بولسا ئالتۇن ، مىس ئېرۇر سۆز ناگاھان.
تولسا سۆز ئىدراك-پاراسەت گەنجىگە قەدرىن تېپىپ ،
ھېكمەتى ئىلھامدىن ھەتتا ئېگىلگەي ئاسمان.

181

گەرچە مەن ئۇزىغان بىلەن تۇلپار مىنىپ تىنىماي راۋان ،
ئاتقا مىندۇرگەن مۇرەببىم دىلدا سۇلتان ھەر زامان.
ياقمىسا بىر پىلتىنى ئوتلۇق سادىقمۇ تەۋرىمەس ،
دىلدا ئۇستاز ھۆرمىتى گويا ھاۋا-ئادەمسىمان.

182

رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى ، خۇش باھارنىڭ تەپتىدىن ،
تولدى بۇلبۇل قەلبى زوققا گۈل چېچەكلەر ئەپتىدىن.
گەركى بىلسەم مۇنچىۋالا بىھۇش قىلار يار لەبزىنى ،
سۆيمەس ئەردىم ،كۆيمەس ئەردىم ،چاقماس ئەردىم قەنتىدىن.

183

بولدى ئىنسانلىق بىنا چىن سۆيگۈنىڭ بىر قەتردىن ،
بۇ ھايات بولدى راۋان ئەمگەك-كۆرەشنىڭ قەدرىدىن.
گەر گۈزەللىك ئىزدىسەڭ ،ئۇ ئەجرى-ئەمگەك سەمرىدە ،
باغۋەنىڭ خۇش پۇراقى شۇنچە ئەۋزەل ئەتردىن.

184

شاھى-سۇلتان دىلئارا سىزدىن ئەزىز بولغانمىكىن ،
ھەرنە ئاشىق ئىشقى مەنچە ئەۋجىگە تولغانمىكىن.
بىر قىيا باققان شۇ سىرنى ساقلىدىم بىر قەرنىچە ،
ياش تۆكەر شام ھالىنى شەمئى ساما بىلگەنمىكىن ؟!

185

بۇلبۇلۇڭ بوستانىغا شەيدا ،گۈل باھارىم قايدىسەن ،
گۈلرۇقىم ،سەۋرى زىبا ، خۇش لالىزارىم قايدىسەن.
سۆيگۈ بوپ تاشتى سېغىنچاڭ ،دىلدا گويا بىر دېڭىز ،
كەتتى سەبرى تاقىتىم ،سەبرى قارارىم قايدىسەن ؟

186

بۇ ئۆمۈر گويا چىراغ ، ياققىن ئۇنى ئىرپان بىلەن ،
يانمىسا شامىڭ نەمەنا قەد كېرىپ تۇرغان بىلەن.
بىر جىسمىدۇر بىر قەپەز ، سۈرمەك نەپەسلىك بىر قەپەس ،
قىلمىسا بۇلبۇل ناۋا ئۆمرۈڭ ئۆتەر ئارمان بىلەن.

187

سەن ئۆزەڭ شەمئى چىراغ ،مەن بىر كىچىك پەرۋانىمەن ،
نۇر چىرايىڭ شەمئىگە مەپتۇن بولۇپ ئاۋارىمەن.
كېپىنەكلەر گۈل-چېچەكلەر بەرگىدىن ئىچسە شاراپ ،
نازلىنىپ تۇرغان ئاشۇ بىر جادۇنىڭ قۇربانىمەن.

188

مىسلى ئۇچقان قار چېچەكمەن-پەسلى قىش ئاققانىمەن ،
جۇت شىۋىرغان قەھرىتانىنىڭ بىگۇناھ قۇربانىمەن.
گۈل-چېچەكلەر بەرگ ئۇچار پەسلى باھارغا رەڭ بېرىپ ،
تەرىپىم سورىساڭ ھاياتلىق چەشمىسى سۇ-كانىمەن.

189

ئۆتتى ئالەمدىن تالاي گۈل تۆكۈلۈپ كۆز پەسلىدە ،

سەۋرىلەر بولدى غازاڭ ، قەددى پۈكۈلدى لەسسىدە.
قاپقارا چاچ-زۇلفىلەر تاقتى قىرووۋ-كامپۇر گۈلىن ،
نە ئىلاج چۆكسە مۇنار ئەجدەر ۋاقتىنىڭ دەستىدە.

190

ئىككى ئەجدەر قاشلىرىڭ جەۋلان قىلار كۆز ئۈستىدە ،
سۈيى كەۋسەر لەۋلىرىڭ شەبنەم چېچەك يۈز ئۈستىدە.
بىقىشىڭ شەپقەت بىراق ،ئەھدىڭ بېخىل ،جادۇ سىرىڭ ،
خەزنە ئەنگۈشتەر دىلىڭ ئاچقۇچى-بىر سۆز ئۈستىدە..

191

بىر چىنە شەربەتنى تۇتتۇم قىز يىگىتنىڭ جامىغا ،
تەڭ كۆلۈپ قىلدى تەبەسسۇم ساقىنىڭ ئىنئامىغا.
خۇش نەزەر سالسام جىمى پەيمانىلار شاد مەندار ،
ئىچمىگەن لەبلەرمۇ كۈلدى سۆيگۈنىڭ ئىلھامىغا.

192

ئەلنى سۆيسەڭ-ئەلگە قۇت بەرگەن ئەزىز دەۋراننى سۆي ،
ئەل يولىغا نۇر چېچىپ تۇرغان بۈيۈك ئىرپاننى سۆي.

ئۇشبۇ دەۋان ئىدرىكى ھەم ئېپتىخارى ،شۆھرىتى ،
غەمگۇزارى ،باغۋنى ئىدراككا باي زەر كانىنى سۆي.

193

يار ئۆيى سەيلانە بولسا باغۇ-بوستاندىن كېچەي ،
لەۋلىرىڭ جامىغا لىق تولدۇرۇپ ئاغۇ ئىچەي.
جادۇ كۆز شېرىن كەبى پىنھان يوقالسا بىر كۈلۈپ ،
ۋەسلى ئىزلەپ پەرھات ئوخشاش تاغ ئېشىپ دەريا كېچەي.

194

ھەر زامان ،ھەركىم مىنەرلەر نامۇ-شۆھرەت ئاتىنى ،
ۋە لېكىن يەشكەي پەقەت ئىرپان جاھاننىڭ زاتىنى.
گەر بىلىم بولسا خەزىنەڭ ، ئول ساڭا شاھانىلىق ،
بىل ، نادان تىزغاي زەپەرنىڭ كەينىگە بەرباتىنى.

195

سىزگە سۇندۇم نەزمە دىۋان-بىر قۇتا مارجاننى ،
ياكى سۇندۇم زەر قەپەزدە بولبۇلى خەنداننى.
ئەتىۋارلاپ ئەتىردەك قىلماڭ ئۇنى شىشىگە بەنت ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەرنەزىم بىر گۈل ، كېزىپ تىزدىم ۋەتەن بوستاننى.

**196**

ياپرىغىڭنى ئاسرىغىل سۆيسەڭ كۆڭۈلنىڭ بەرگىنى ،
"شاھ"نى ئاسرايمەن دېسەڭ ئالدىغا سۇرگۈن گەردىنى.
رەڭمۇ رەڭ تاشلار ئارا بەرق ئەيلىگەي گۆھەر ھامان ،
گەر زەپەر قۇتلاي دېسەڭ بىلگىن ئەقلدار قەدرىنى.

**1978**

بىر كۆرۈپ بىلمەك ئاسان ھۆسنىڭدىكى گۈل رەڭگىنى ،
بىر ئۆمۈر كۈتكەي بىلىشكە ئۇشبۇ كۈلنىڭ قەلبىنى.
گۈل بىلەن كۆزنى بىزەپ شاد ئەيلىمەك مۇشكۈل ئەمەس ،
دىل كۆكەرمەس چىن ساداقەت چاچمىسا خۇش ئەترىنى.

**198**

گۈل كۆرۈپ تۇرغان گۈزەل گۈل كۆرگىلى چىللار مېنى ،
گۈلگە باقماي ھۆسنىگە باقسام كۈلۈپ "تىللار" مېنى.
كۆرك ئاتا قىلمىش تەبىئەت گۈلگىمۇ ، ئىنسانغىمۇ ،
گۈلگە "گۈل" خۇشتار كەبى قايكۇن "گۈلۈم" خىللار مېنى.

www.uyghurkitap.com



199

مەي ئەمەس بۇ جامدىكى بەلكى گۈزەل قىنىۇس قېنى ،
خالىساڭ ئەرش سەيلىنى تۇتقىن مۇشۇ جامنى قېنى.
مەي ئەمەس بۇ جامدىكى ، ھۇما قۇشىنىڭ ئۇسقىنى ،
تاشلا ھەسرەتنى ، قەدرلە بۇ ھاياتنىڭ زەۋقىنى!

200

ئوتقا تاشلاندى كىتاب ، ئارقاندا باغلاندى زەكى ،
باستى دىشۋار ، قىلدى خۇناب دىلنى مەلئۇن زەخمىكى.
قەستى ئۇستازنى قىلىش ئەردى خۇنۇكلۇق ئورنىكى ،
بولدى ۋىجدان قەيسىرى يۈكسەك شىجائەت ئەينىكى.

201

بۇ جاھان تۇلپار گويا ، باردۇر ئاياغى ھەم بېشى ،
باشى كۈلدۈرسە سېنى ،تۆككەي ئاياغى كۆز يېشى.
غايغۇرۇپ غەم چەكمىگىل ، غەمگە جاھانەڭ ئەرزىمەس ،
مىسلى مەست بىر سەرىگا ئوخشار پەلەكنىڭ گەردىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



202

سۈبھى بۇلبۇل خەندىنىڭ ھەر نەزمىدەك گۈلنىڭ غەمى ،

لالىدە قىلغان جۇلا بۇلبۇل يېشىنىڭ شەبنىمى.

زەپىران مەڭزىم شۇ شەبنەم ۋەجىدىن تاپقاي شىپا ،

ھۆسنى گۈل دىلبەر ماڭا گەر بولسا ئۆلپەت ھەردەمى.

203

جەيىنكىمنى ئۈشلىدى قانىم ئۇلارغا كىم بىرى ،

ھۆسنىگە باقسام تۇلۇنئاي ، كۆزلىرى ناز ئەختەرى.

ئۇنتۇدۇم قانىم ئۈنىڭ شىشەسىگە كەتتى راۋان ،

مەيلى ئالسا جاننى ئەزرائىل بولۇپ شۇنداق پەرى.

204

ئاق چۇشتى چاچىمگە ،قارا چاچىڭ ئىپارىنى كۆتۈپ ،

كەتتى يۈزۈمدىن ئالما رەڭ ھۆسنۈڭ باھارىنى كۆتۈپ.

چاڭقاق دىلىم لەبىزىڭ شارابىدىن شىپا كۆتكەن قاچان ؟

بى رەھمى مەشۇق ماختىنار ئاشىقى زارىنى كۆتۈپ.

205

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆڭلۈڭ گۈزەللىك تاپمىسا ئىستەك بىغىڭ ئۆرتەپ يانار ،
ئىزگۈ ھىدايەت قىلمىساڭ تايغان ئىتىڭ چىشلەپ يانار.
ئامەت ياراشماس بولمىسا زېھنىڭ بىلەن ئەل رەھمىتى ،
تەقلىدى رۇستەمدەك ساداق ئاتساڭ ئوقۇڭ ئۆزگە يانار.

206

كۆلگۈن شارابىڭنى ئىچىپ ھىجران ئازابىڭ ئەسلىدىم ،
شىرىن جامالىڭ ئىشقىدا پەرھات بولۇپ تاغ كەسلىدىم.
ساقى بۇگۈن ئول گۈل نىگار ،شېرىن لېۋى ياقۇت قەدەھ ،
مەنمۇ بولۇپ ساقى ئاگا لەۋزىمدە مەي پەيۋەسلىدىم.

207

ئۆلپەتلىرىڭ گەر بولسا تارئاندىن ناۋا تاپقاي كۆڭۈل ،
ئۆلپەت-جامائەت بولمىسا نەدىن ۋاپا تاپقاي كۆڭۈل.
بىلسەڭ ئۆزۈڭنى ھەر قاچان يۇرت ھەم جامائەت پارچىسى ،
باشقىغا مۇشكۈل يەتسىمۇ ئەلدىن داۋا تاپقاي كۆڭۈل.

208

باشىمغا كەلگەيمۇ بالا ، قاشى قارانى كۆرمىسەم ،
ئالما چىراي ، لەۋزى ھەسەل ،كۆڭلى قارانى كۆرمىسەم.
سۆيگۈ گويا مەرگەن قولىدا يايىدىن چىققان ساداق ،
چەنلەردىن ھۆسنى پەرى ئۇشبۇ قارانى كۆرمىسەم ؟

209

گەر پىتنىخور ئاچسا ئېغىز-چىقتى يىلان قاپتىن ، دېگىن ،
يالت-يۇلت كۆرۈنگەن جىلۋىسى-تەسۋىرى ئاپتاپتىن دېگىن.
بارچە خالايىق بىر بولۇپ قالساق بۇ ئاپەتتىن ھەزەر ،
ئۆرلەشكە توسقۇن قالمىغاي ئىدراكتا غەپلەتتىن ، دېگىن."

210

دەنا بولماس تاماگەر ، بولۇر گادامۇ دانا ،
كىتاپتىن قىممەت-ھەتتا جۈملەگىدە بولسا مەنا.
قۇللۇق تامغا بېسىلغان تاماگەرنىڭ قەلبىگە ،
مۈشكۈلدە مەغرۇر ئۆتكەن خىسلىتىڭگە تەسەننا!

211

سۆيمە شەپەقتەك تولغان ئورنۇڭدا نازىك بىلەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئويغات غۇنچە-گۇلۇمنى بۇلبۇل ئاۋازىڭ بىلەن.
پەيدەك ئۈچۈر جىسمىمنى ئۇسۇللۇق سازىڭ بىلەن ،
بەس ئۆلتۈر مېنى جانان جادۇ پەرۋازىڭ بىلەن.

212

ئىككى ئاق باشنى يىزىپ ئاق چۈشتى بۇ باشمىگە ،
گۈلدەستىلەردىن ئۆزگە تىغ چۈشتى ھەم قاشمىگە.
كۆيدى نەچچە يىل شامىم ، مۇكچەيدى ۋۇجۇدۇم ھەم ،
خەيرىيەت پۈتتى كىتاب ، تولدى بەت شاد ياشمىگە.

213

تاۋار توقۇم توقۇلسا بولمىغىل ساھىب مەغرۇر ،
چۈشەن توقۇم ئۈستىدە يۈك ۋەزنىڭدىن زور تۇرۇر.
ئىلمىدىن ئۆزگە ئامەت نەقلىسۇن شور بېشىڭدا ،
ئىلمىسىز قەددىڭ سەۋرى بولسىمۇ بالدۇر قۇرۇر.

214

ئالەم پاتمىسا دىلغا ئادەم شاھ جاھان بولماس ،
ئالمىدەك كۆگۈل ھەتتا تىرىققا ماكان بولماس.
تامچىدىن دەريا ھاسىل ، دەريادىن دېڭىز ئوكيان ،
مىڭ چېچەك كۆلمىگۈچە بىر گۈلدىن بوستان بولماس.

215

دوستۇڭنى رەقىپ قىلغان ئىغۋا بىلەن مەنمەنلىك ،
شەنىڭگە پىراق ئۇرغان قەلبىڭدىكى دۈشمەنلىك.
ئالەم گۈلى ئادەمدۇر ، ئادەم بىلەن ئەل گۈلشەن ،
چىن خىسلەتلىك ئىنساننىڭ بىر سەنئىتى باغۋەنلىك.

216

قەبرى تېشى تەكتىدىن ئىزدىگەيسىز زاتىمنى ،
سۆيگۈ پاجىئەسىگە قوشۇپ مىسكىن ئاتىمنى.
كېزەر پەرۋانە گويا ئۆلسەم بىئارام روھىم ،
ئۆتكۈزمەككە ئەل ئارا جىسمىسىز ھاياتىمنى.

217

كۆڭلۈمگە ئۆلپەت بارچە جاھاندا لەكمىك كىشى ،
دىل تارىمنىڭ تىترىشى شۇ لەكمىگلەر دىلكىشى.
كۆزۈمنىڭ نۇرى ئۈمىد ، ئۇندا كەرەملىك جۇلا ،
گەر لەكمىگلەر ئۆكۈنسە مۇھىت بولار كۆز يېشى.

218

ھەسەتتىن زارلانما ، مەيتۈنلىرىڭ كۆپ ،

ھەسەتخور ھەسرەتتە ئۆتىدۇ كۆيۈپ.

كەڭ قورساق-جامائەت كۆڭۈل ئىنسانغا ،

سائادەت قۇشمۇ قونار سۆيۈنۈپ.

.219

مەگەر جىسمىڭدا مەزمۇن بولسا مەزمۇت ،

گۈزەل شەكلىڭ ئاسان بولمايدۇ نابۇت.

چىناردەك قەد ، گىيادەك بولسا زېھنىڭ ،

چىنار قەددىڭ بولۇر ئاز كۈندە تاۋۇت.

220

كۆزەللىكنى ئاگا شەيداغا كۆرسەت ،

غەنىمەت بىل ، ئەمەس كۆپ ئۇنچە پۇرسەت.

گۈزەللىك كۆرمىگەن-كۆرسەتمىگەن كۆر ،

گۈزەللىكتىن قەدىر تاپقاي مۇھەببەت.

221

www.uyghurkitap.com



كۆڭۈلنىڭ پاكلىقى ھەر دىلغا تىلماچ ،
ناپاك سۆز ھەم مىكرىدىن قۇش بولۇپ قاچ!
سەۋەپ سورىساڭ: تەپەككۇر شاھى-دانا ،
پىكىر كارىڭ سۆزى كۆرك بىرلە تولغاچ.

222

كۆڭۈل بىر ئېھرامدۇر ئىلاھقا مۇختاج ،
شۇ ئىلاھ ئەقىدى كۆڭۈل ئۈچۈن تاج.
گۈزەللىك ئىلاھ ھەم سەن ساھىبجامال ،
پايانسىز كۆڭۈلنىڭ تىلسىمىن سەن ئاچ.

223

كۆزۈڭ جادۇ ، قېشىڭ يا ، كىرپىكىڭ ئوق ،
قۇتۇلماققا چېچىڭ توردا يول يوق.
ئەسىرىڭ سارغىيۇر لەب جامى ئىچمەي ،
بىغەم سەيىيات يۈرۈپسەن قەترە غەم يوق.

224

قارا تاشقا گۆھەرلىك نامى بەرسەڭ ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولۇر گۆھەر چۈشەنچى تاش بىلەن تەڭ.
مەگەر شورغا چېچەك ئۈرۈقنى تەرسەڭ ،
چىمەنگە ئەرزىگەيمۇ بارچە ئەجرىڭ ؟!

225

ئېغىر مۆھلەت ئارا گەر بولسا سەبرىڭ ،
ياسالغاي بىر كۈنى ئالتۇندا قەبرىڭ.
سوكناتىدۇر سەبىر پاك ئېتىخارىڭ ،
نامايەندۇر سەبىردە زېھنى ئەجرىڭ.

226

مەگەركى چورت ئۈزۈلسە بەختى-ھالىڭ ،
كۆرەلمەسسەن جاھانىڭ ئۆز جامالىن.
غېرىبلىقنى دالالەت قىلما ھەرگىز ،
ھامان يەشكەي جاپا-تۇرمۇش سۇئالىن.

227

جاھان دەۋرانچىدۇر-ئۆيغان ،نەزەر سال ،
ئەمەس تۇرنا سامادا سۇدىكى سال.

جاسارەتتىن بۆلەك ئىنئام ، ئىجاد يوق ،
پەلەك كۈلمەس تابىنغىن ياكى پال سال.

228

تىرىش-تىرماش پەقەت ئەجرىگىدە ئىقبال ،
تىرىشماق قىممىتى زېھنىگىدە ، يە قال.
ھەرە چەكسىز چىمەننى كەزمىسە گەر ،
كۈلۈپ تۇرغان چېچەكتىن ئاقمىغاي بال.

229

پىكرىدە بولسا شەيتان-سۆزدە شەيتان ،
سۆزىگىدە بولسا غەليان-ئەلدە غەليان.
گۈزەل ئىدراك ،گۈزەل سۆز ئەلدە روناق ،
گۈزەللىك بولسا ۋەيران-ئەلمۇ ۋەيران.

230

ئوغرىلار دىلنى شەيتان ، تىلنى شەيتان ،
بۇ شەيتان جىن ئەمەس ، نەپسانى ئىنسان.
كىشى گەر بولسا نەپسىنىڭ چاكارى ،

www.uyghurkitap.com



## ئۈنىڭدا قايدا ئىزگۈ ، قايدا ۋىجدان ؟!

231

بىرى ،ئىرپان ئاچار سىرنىڭ نىقابىن ،

بىرى ،غەيرەت چاچار نۇر ئاپتاپىن.

خۇش ئاۋاز بىرلە قالماس دىلدا كىر-داغ ،

مۇقامدىن ئاچسا سازەندەم كىتابىن.

232

پەقەت تەشنا ئىچەر ئىرپان شارابىن ،

ئەجىرلىك ھەيدىگەي ئىجاد كارابىن.

ساداقەتتىن چىچەكلەر سۆيگۈ باغى ،

تېشەر تارىخ قىزىل كۆزنىڭ نىقابىن.

233

ئىلىم گۆلدۇر ،ئىلىملىك قەلبى گۈلزار ،

ئىلىم كۈلگەن دىيارغا خۇش بەخت يار.

ئىلىمنى خارلىغان-خارلايدۇ ئىنسان ،

ئىلىم دەپسەندە بولسا ئەلدە مۇڭزار.

234

بەخت ئۆركەشلىسە ئۇندا خەتەر بار ،
ئېگىزلىك گاھى دۆلەت ، گاھى تىك يار.
نەپەس چەكلىك ، نە ھاجەت كىبرى قەترە ،
تەمەننا كۆلكىلەر كەينىدە مۇڭ-زار.

235

ئەقلىسىز تەلۋىگە غەيرەت تائامدۇر ،
غەيۋەتلىك ئەل نادانلىققا قارامدۇر.
زەكىلەردىن تۇغۇلسا رەشك ، شىكايەت ،
زەكىلىك نامى ئەلۋەتتە ھارامدۇر.

236

تەپەككۇر ئىقتىدارى خاس كىشىگە ،
گۈزەللىك ماس تەپەككۇرنىڭ ئىشىگە.
گۈزەللىك-شەمئى ئالەم ، نۇرى ئادەم ،
ئۇ ھەم مۇختاج ئۆزىنىڭ دىلكەشىگە.

237

جاھالەت قانچە بولسا-پىتنە شۇنچە ،
بۇلۇر پىتنە نادانلىق يېتمىگۈنچە.
بالا پىتنە گويا قاتىل ، شۇرىغان ،
تۆكۈلدى قانچە گۈل بەرگ ، قانچە غۇنچە.

238

كۆكۈل بىر قۇش ، گۈزەل سۆز دان-ئۇرۇقى ،
بۇ دان-ئوزۇقتا ھەم بار قۇش توزىقى.
گۈزەل سۆز بولسا گەر دىلدىن بىشارەت ،
ئۇنىڭ مەغرۇر لەپىلدەر غەلبە تۇغى.

239

ئىناقلىقتا ھاياتنىڭ كۆركى ، پەخرى ،
ئىناقسىزدا غەزەپنىڭ نەھرى-قەھرى.
ئىناق ئۆتمەك سائادەت ھەم پەزىلەت ،
ئۇنىڭسىز نە ئۆمۈرنىڭ پەيزى-بەھرى ؟!

240

قايدىسەن ،ھىجران ئارا ئۆتتەك يېنىپ ،
ۋەسلى دىدارىڭ ئۈچۈن كەلدىم يېنىپ.
مەن ئۈچۈن ئالەمچە ئارمان ، بىۋاپا
داغدا قويساڭ لەۋزى ، ۋەدەڭدىن يېنىپ.

241

قانچە باغۋەن باغدا گۈل شاخىن تارار ،
قانچە بۇلبۇل گۈلگە تويماستىن قارار.
قانچە ئاشىق بولدى ئاخىر ئەھلى مەي ،
قانچە رۇستەم قەد پۈكۈپ<زال> بوپ بارار.

242

غەم كۈنى يارىم پەقەت سايەمدىدۇر ،
ئىپتىخارىم خۇش پىكىر غەيەمدىدۇر.
دىلرەبا ، غەمدىن ھالاكلىق ئەرزىمەس ،
يەتسە چاغى شاد ناۋا بىردەمدىدۇر.

243

بىر پەرى لەۋزىدە سۆ تەڭلەپ تۇرۇر ،
كۆزىدە بىر ئوقى تەڭلەپ تۇرۇر.

نەيزە تۇتقان كىرپىكى: جان بەر دېسە ،
لەۋزى ئۆلمەسلىك ئۈچۈن نەملەپ تۇرۇر.

244

قانچە سەۋدا ، قانچە ئىستەك ،قانچە ناز ،
قانچە مىسرا ،قانچە ناخشا ،قانچە ساز.
بولمىسا شاھىت تۇتۇنسىز <سۆيگۈ>گە ،
مەيلى جانان سەن كېلىپ باغرىمنى قاز!

245

مەن ئىلمنى شۇنچە سۆيگەن چاغلىرىم ،
كەتتى ھۆسنۈمدىن ئەترگۈل باغلىرىم.
ئاندەك پەرۋىش قىلالارمۇ جاھان ،
ئاتىلىق باغرىمدا تۇرسا داغلىرىم ؟!

246

ئاچتى گۈل غەملىك دىلىم بىر كۆلكىدىن ،
زوق ئېلىپ قەلبىم گۈزەللىك ئۆلگىدىن.
ئايرىما شاھ ھۆسنىنى قۇت مۇلكىدىن ،

## ئاسرىغىن دىلبەرنى ھەييار تۈلكىدىن ؟!

247

نەپ ئېلىپ يۇرمە كىشىلەر رىسقىدىن ،
ھەم ئوغرىلاپ سۆزلىمە ھەم رەشكىدىن.
تام تېشىپ خىش يۆتكىمەك ئىجاد ئەمەس ،
باشلا ئەمگەك خىش قويۇشنىڭ مەشقىدىن.

248

ھىجران دەشتى ئىلكىدە ھالىم خاراپتۇر ،
پىراق ئوتى ئىچىدە جىسمىم كاۋاپتۇر.
ۋىسال كۈتۈپ ئالدىڭدا تۇرغان مېھمانغا ،
بىر پىيالە شەربىتىڭ چەكسىز ساۋاپتۇر.

249

ئەبغان چەكسەم زارىمغا كىملەر قاراپتۇ ،
خىيال زىكرىڭ سىنەمگە قاندەك تاراپتۇ.
قەلەندەر بوپ ئالدىڭدا تۇرغان سۇلتاندەك ،
بۇلبۇل كەبى زەۋقىڭدە تىنماي سايراپتۇ.

250

كەڭ تەبىئەت گويا نەققاش ،ئىنساندۇر ئەسەر ،
بىرەر نەققاش مەپھۇمىدىن بۇ ئەسەر خەۋەر.
ئىنسان ھەرخىل ،ئەسەر ھەرخىل ،ھەردىل بىر دۇنيا ،
يېشەر ئىنسان مەپھۇمنى قايسى بىر قەيسەر ؟!

251

زېمىن-قوۋم ،تاغ ،دەريا ،يايلاق ،بىپايان ئورمان ،
ئۆتەر ئۆمرۈڭ ئۇندا ئويناپ ھەم قۇچۇپ ئارمان.
شۇ زېمىندىن سۆيگۈ بىلەن يۇتۇلگەچ بۇ تەن ،
شۇ زېمىنگە ھېرىس بولۇپ ياشايدۇ ئىنسان.

252

ھەر زامان نەغمىسى ئۆزگىدۇر ئەمما ،
نە قەدرى بولمىسا رېتىمدە مەنا.
كۆيلەرگە ھەۋەس قىل ،كۆيۈڭ ئۇنتۇلما ،
كۆيۈۋگسىز كۆيلىسەڭ نە كۆركى زىبا ؟!

253

ئىنساندۇر جاۋاھىر-ئالەم كان بولسا ،
تەپەككۇر قۇدرەتتۇر-نەپەس جان بولسا.
ئاياندۇر كائىنات سىرلىرى هامان ،
جۇرئەتلىك كىشىلەر گەر ئامان بولسا.

254

كىم بىزنى خار قىلار ۋەتەن بار تۇرسا ،
كىم بىزدىن زوقلانماس ئىقبال يار تۇرسا.
ۋەتەننىڭ قەدرىنى ۋەتەنسىزدىن بىل ،
بابۇر شاھ نەزمىدە ھەتتا زار تۇرسا ؟!

255

نۇمۇسمۇ بىر ھېكمەت ئەقىل تولغاندا ،
يارالغاي بىر جۇرئەت نۇمۇس بولغاندا.
نۇمۇسنى ئادەت بىل غۇربەت كۆنلىرى ،
ۋەياكى بېشىڭغا سۇمرۇغ قونغاندا.

256

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


سایاھەت مەکتەپتۇر ،کۆپ کۆرگەن دانا ،
سایاھەت جەبردە تۇمەنمىڭ مەنا.
کېپىنەك سەيلە ھەم ئۇچقۇر شامالسىز ،
مەرپەت بېغىدا ئېچىلماس رەنا.

257

شەربەتلەر ئىچەرمىز زېمىندىن ئېلىپ ،
ھەم ئىچىپ كېتەرمىز زېمىندىن يېنىپ.
ھەققەت شەربىتىن ئىچمەك-كان قازماق ،
ۋىجدانلىق ئادەملەت ئىچىدۇ قېنىپ.

258

ۋاقىتنىڭ چېكى يوق ،چەكلىكتۇر ھايات ،
چىل چىشى تۆكۈلەر ، تۇزار تۇز قانات.
ۋاقىتتىن قايغۇرما ، ئەجرىڭدىن قايغۇر ،
بىلگىنكى ،ئۆز مېھنەت-ئەجرىڭدە نىجات!

259

بەئەينى بىر خەتتات-مۆجىز تەبىئەت ،
ھەر چېچەك تەبىئەت كۆركىدىن خۇش خەت.
خۇش خەتكە يېزىلمىش:بولغاي ھاسىل ، دەپ
تەبىئەت بىزىكىن بۇزماقتىن ئاپەت.

260

دانانىڭ سوۋغىسى كەرەملىك ھىممەت ،
رەنانىڭ خۇش سازى ئەتىۋا قىممەت.
ئۆلپىتىڭ گەر نادان بولغاندا ئى دوست ،
ئۆمرۈڭدە نە مەنا ۋە يەنە راھەت ؟

261

ھەسرەتلەر چەكمىگەن گەر كەتسە ئادەت ،
ئۇزاتقىن ۋاپاسىز بەختىڭگە بول مەرد.
سائادەت گوياكى مەھبۇبى گۈل قىز ،
ئۇ كىمگە گۈل تۇتسا ھەم قىلما ھەسەت.

262

تارىخ بىر نۆۋەتتۇر ، ئادەت بىر نۆۋەت ،
تارىخقا يېزىلمىش كەپ-كېتەر ئادەت.

مەغرۇرلۇق كۆتۈرمەس نازۇك بۇ ئالەم ،
سائادەت بەزىدە مىسكىنگە ئۈلپەت.

263

تىكەندىن سۆيگۈسىز ئېچىلماس گۈل تاج ،
دانامۇ ، تەرسامۇ سۆيگۈگە مۇختاج.
سۆيگۈدە ھەر ئىنسان خىسلىتى ئايان ،
كەيگەچكە كىشىلىك ھەر سۆيپەتتە تاج.

264

ھايات بار ، ئىنسان بار ، قايغۇ-شادلىق بار ،
قوشگىزەك بۇ ھادىس ھەم رەقىب ، ھەم يار.
زىرەكلىك سانالماس شادلىقلار سۆيۈپ ،
قايغۇغا قەلبىدىن ئورۇن قويماق تار.

265

پاراغەت سۇلتانىنىڭ تونىنى يىرتار ،
غۇربەتنىڭ بازغىنى دىلنى چىڭىتار.
سازەندەم ئەل رىشتى ساڭا بولسۇن تار ،

سەنئەتنىڭ يولىنى قىلماي دىسەڭ تار.

266

ياخشىلىق قەلبىڭدە خۇش چىچەك گۈلزار ،
يامانلىق ئۆزۈڭنى ئۆرتىگۈچى نار.
زېھنىڭنى ھەسەتنىڭ زەھرى كەسسە ،
پۈتۈڭنى زىمىندىن خۇدا قىلار دار.

267

گۈلشەنلەر ئىچىدە بىر گۈزەل تۇرۇر ،
كۆرگەندە كۆڭۈلمۇ ئۆزگىچە ئۇرۇر.
ئاھ ، ھايات بىقارار ،گۈلمۇ ، گۈزەلمۇ ،
شائىرنىڭ زوقلانغان كۆڭلىمۇ سولۇر.

268

مەرىپەت مەشئەلدۇر يولغا نۇر چاچار ،
جاسارەت بەختنىڭ قۇلۇپىن ئاچار.
زۇلمەتنىڭ ھوقۇشى-نادان ، بوشاڭلىق ،
كۆز ئاچقان قەيسەرنىڭ ئالدىدىن قاچار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



269

يۈكسەكلىك ، گۈزەللىك ھەسسەتلەر قوزغار ،
شۇنچە ئەل بولغاچقا ساڭا ھەۋەسكار.
ھەسسەتتىن غەم يېمەك نەھاجەت ساڭا ،
ئەل تۇرسا مىڭ چەندان ئارتۇق مەدەتكار ؟

270

ئۆمۈرنىڭ تاغ سۈيى ساي بويلاپ ئاقۇر ،
باغۋەنسىز گۈلشەندە كىم چېچەك تاقۇر.
ياش ئۆمۈر ئىلمدىن تاپمىسا ئەقىل ،
ئۇ گويا دەشت بويلاپ ئۇچقان بىر قاقۇر.

271

شاھ ئۆتەر شاھمەن دەپ ، گادامۇ ئۆتەر ،
كىم سۇلتان ،كىم مىسكىن ،كىم خەتلەپ پۈتەر.
قايسىسى سەللىۋ ، قاي تون ، قايسى شىم ،
ئاقىۋەت ئۇلارنى بىراق يەر يۇتەر.

272

تۇغۇلماق ئىشكى ئۆلسەڭ تاقىلۇر ،
جاھاننىڭ زەر مۈلكى جاھانغا قالۇر.
دۇنيادىن قىزغىنىپ ئۆتكەنلەر ئازمۇ ،
ئەل قەلبى خەزىنەڭ بولسا ئەل قالۇر.

273

مەنسەپ بىر ئات ئىرۇر ،چەۋەنداز قەيسەر ،
مەنسەپ بىر غىلاپتۇر ،خادىمى-شەمشەر.
شەمشەرسىز غىلاپ ھەم قەيسەرسىز ئاتتىن ،
قىممەتتۇر غىلاپسىز شەمشەر ، ئاتسىز ئەر.

274

ئەقىللىق ئايالغا يىگىنىمۇ شەمشەر ،
ئاقىلغا ھەر مۈشكۈل تەسىم مۇقەررەر.
ئەقىلسىز نادانىنىڭ ئىزى پالاكەت ،
چېھرىسى بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر.

275

www.uyghurkitap.com



ھۆسن سۈرەتتۇر بىر كۈن ئەسكىرەر ،
نىگار بىر بەرگ گويا ، گۈزدە تۆكۈلەر.
ئەقىل ھەم پەزىلەت تۆكۈلمەس چېچەك ،
تەربىيەت ئۇرۇقىن چاچساڭ كۆكىرەر.

276

بەزىلەر ئۆزى يەپ ،ئۆزى كۈن كۆرەر ،
بەزىلەر تەيياردىن پاراغەت سۈرەر.
ئالەمدىن ئەۋلاتقا قۇرۇق قول كەتكەن ،
سۆڭەكلەر قەبرىدە ھەسرەتتىن كۆيەر.

277

ئەقىلسىز باش گويا يىرتقۇچ غاردۇر ،
پەھمسىز ئىستەكلەر ئۇنىڭ كاردۇر.
ھايۋاندىن ئىنساننى ئاجراتقان ئەقىل ،
ئۇ بارچە مۆجىزات ئۇلۇغۋاردۇر.

278

چوقۇيدۇ ئەقلىنىڭ كۆزىنى ھەۋەس ،
چوقۇلغان كۆزلەرنىڭ مەرتىۋىسى پەس.
ئى دانىش ،نەزەر سال ئەقلى ئەماغا ،
ئىدراكسىز ھەۋەستىن ئۇنى باسمىش نەس.

279

ئۆمرۈڭگە قايغۇدىن زارلاش ئەرزىمەس ،
شادلىقتا يولۇقساڭ-دىل كۆزۈڭ ئەلەس.
كائىنات شارىدا چوڭ بولساڭمۇ گەر ،
ئالەمنى بىر پۇتبول چۈشەنسەڭلا بەس!

280

سائادەت-تەپەككۇر بىلەن مۇقەددەس ،
ئۇنىڭسىز سائادەت-پاراغەت ھەم نەس.
باياشات ھاياتمۇ روھسىز ، چاچماس نۇر ،
ئار-نومۇس ئالدىدا تاغدەك ئالتۇن پەس.

281

كىم بىلۇر كىم كەلدى ،كىملەر كەلگۈسى ،

چەكلىكتۇر تارىخنىڭ تامام بىلگۈسى.
بىر گىيا ،بىر چېچەك ئالەمگە ھەركىم ،
پەرق شۇكى ،ناتەكشى ئەقىل جىلۋىسى.

282

ئەقىلنىڭ يالقۇنى كۆڭۈلگە قوياش ،
ۋە ھەتتا ئەقىلدىن مومدەك ئېرۇر تاش.
ئالەم ھەم ئۆمۈر ھەم گويا قورام تاش ،
ئەقىلدۇر نەقىشلەر ياراتقان نەققاش.

283

كۆڭۈل كەڭ ،ئالەم كەڭ دەۋران سۇرەرمىز ،
شادلىق ھەم قايغۇدىن قىسمەت كۆرەرمىز.
ھەر دەۋران سەھىپى ئوخشىماس بىراق ،
باسقانلار ئىزىنى ئىزدەپ يۈرەرمىز.

284

ئادەمنىڭ خەزىنىدۇر ئىلىمدىن تولماق ،
قەلبىنىڭ ۋەزىنىدۇر كەڭ نەزەر بولماق.

كەڭلىكتىن باشلىنار كائىنات يولى ،
تارلىققا ھېرسلىق گۆرگە سوقۇلماق.

285

ئىنساننى سۆيمەكتىن ئۆزگە ئەھدىم يوق ،
سۆيگۈمنى كۆيلەشتىن ئۆزگە كەسپىم يوق.
ناتۇنۇش كەڭ ئالەم بەختىدە بەختىم ،
پاراغەت-خىلۋەتتە كۆتكەن بەختىم يوق.

286

ئۆمۈر ئاز ، ئۆمۈرگە زىننەت تاقايلۇق ،
ئەڭ نادىر ئەقلدىن زىننەت تاپايلۇق.
ئالتۇنمۇ ،ياقۇتمۇ ئەرزىمەس ، ھەتتا
سارايغا ئالماستىن ئىشىك ياپايلۇق؟

287

ئادەمنىڭ يۈرىكى ، قۇدرىتى چاغلىق ،
بۇ قۇدرەت مۆجىزى ئەقىلگە باغلىق.
ئەقىلغۇ نىسىۋە ئادەملەر ئۈچۈن ،

ۋە لېكىن ئەل ئىچرە دانا ساناقلىق.

288

دوست تۇتماق باغۇەنلىك ،دوست گويا چېچەك ،

دوستلۇقنىڭ تىرىكى رىشتىداش يۈرەك.

دوستلۇقنىڭ گۈلنى سۇغارغىن قىش-ياز ،

ئادا قىل بۇرچۇڭنى ، بولغىن يار-يۆلەك.

289

ئادەمدۇر ئالەمنىڭ ئەقلى-ئىدرىكى ،

ئادەمدىن ئۆزگە يوق ئالەمنىڭ بېگى.

ۋە لېكىن ئەقلمۇ ئالەمگە مۇختاج ،

ئالەمدە ئادەمنىڭ زېھنىنىڭ تېگى.

290

جۈرئەتسىز يۈرەكتىن رەنج چىكەر باشىڭ ،

جۈرئىتىڭ بولمىسا كارسىز قولداشىڭ.

جۈرئەتلىك سەردارسىز ئەقىل شاھى مات ،

ھەجۋدۇر يۈزۈڭگە تۆكۈلگەن ياشىڭ.

291

ۋاپاسىز ئالەمگە ۋاپادىن جاي سال ،

ياخشىلىق ئادەت قىل ،ئەل تاپسۇن ۋىسال.

ئۇنتۇلۇر ھايات ھەم ئامەت ھەم راھەت ،

ياخشىلىق يوقالماس زەر قوياش مىسال.'

292

يول يۈرمەي جاھاندا نە بولسۇن سەيىل ،

ئەرك بولماي ئىنساندا نە قىلسۇن مەيىل.

ئەقىل ھەم ئەركىنلىك گۈزەللىك بىر گۈل ،

ئۇ پەقەت تۇرمۇشتىن ئېچىلغىنىن بىل.

293

بەش كۈنلۈك ئۆمۈر دەپ ئۈمىد ئۈزمىگىل ،

ۋە يەنە ئۆلمەسلىك پىلان تۈزمىگىل.

ھاياتنى قەدىرلە ،زىننەتلە ، رەتلە ،

دەريادىن گۆھەر سۈز ، لۆجە سۈزمىگىل.

www.uyghurkitap.com



294

مەنسەپ بىر ساندۇقتۇر ، جاۋاھىر ئادەم ،
جاۋاھىر تولمىغان ساندۇقتا نە تەم.
ساندۇقتا جاۋاھىر گەر بوسا پەۋەس ،
بۇ مەنسەپ ئەھلىدە بىلىم ، ئىززەت جەم.

295

شادلىقمۇ پايانسىز ئەمەس ، قايغۇ ھەم ،
پايانسىز ھەر ھېسقا چىدالماس ئادەم.
يۇلتۇزلۇق كائىنات گويا تىنماس چەرخ ،
شادلىقۇ-قايغۇيۇ بىرى -بىرىگە يەم.

296

سۇ سۈنى قوغلىشار ، تاش تاش بىلەن جەم ،
بىلىقمۇ ئۆز نەسلى ، تۈرىگە ھەمدەم.
تامچە سۇ پار بولۇر ، يالغۇز گۈل خازان ،
ئورمانمۇ جەملىكتىن ئۆسىدۇ مەھكەم.

297

تامسىز ئۆي جاھاندۇر ، جانسىز تەن ئالەم ،
جاھاننىڭ سەمرىلىك ئەينىكى ئادەم.
ئادەمدە ئالەمنىڭ سىرلىرى ئايان ،
ئادەمنىڭ زېھنىدىن ئالەم تاپمىش پەم.

298

ئۇسسىسا خالايىق كەۋسەر بول سېئىرىم ،
توڭغاندا يېپىنچى سەۋسەر بو ل شېئىرىم.
مەن كەبى بىر خاكتىن پۈتۈلسەڭمۇ سەن ،
تۇپراقتىن تېپىلغان گۆھەر بول شېئىرىم.

299

ياخشىلىق مۇشەققەت ، يامانلىق ئاسان ،
يامانغا ياخشىلىق قىلغۇر چىن ئىنسان.
ياخشىلىق تارىخقا بېزەك ، ئەلگە كۆرك ،
ياماننىڭ رايىنى كۆتۈرمەس جاھان.

300

ھېيلىگەر قەلبىدە بىر زەھەر قازان ،
زېھنىدە ھەسەتتىن قۇترىغان قاۋان.
ئۆزگىگە كولىغان ئورىغا ئۆزى ،
ياتقۇزار ئىزگۈدىن يۈكسەلگەن جاھان.

301

سۆز بىلەن دىلىمنى ئۇۋلا ئى جانان ،
سۆزۈڭدىن ئۆزگە يوق جېنىمغا دەرمان.
ساداقەت بىر ئوچاق ، سۆيگۈ ئوت شۇندا ،
شېرىن ، ساپ سۆزۈڭنىڭ ھەر جۈملىسى قان.

302

بىر دانا مۇشكۈلدە بولدى پاسىبان ،
بىر دانا غۇربەتتە ئۆتتى مېھرىبان.
ھېكمەت ھەم گۈزەللىك ئەھدىلەشكەندە ،
چارىسىز داجىدى كاج كەلگەن جاھان.

303

خۇش كۆرگەن چۈشىدىن زوقلىنار ئىنسان ،

مەيلى ئۇ گادايۇ يا بولسۇن سۇلتان.
گۈزەللىك بىر غايە ، زوقى خۇش ھاۋا ،
ۋە ھەتتا شېرىندۇر گۈزەل ھەر ئارمان.

304

ئادەم دەپ ئاتىلار بىباھا ئىنسان ،
بۇ نامغا تەڭ ئەمەس تىك يۈرگەن ھەرجان.
ئىنسانلىق خىسلىتى ، غۇرۇرى شۇكى:
ئالمىدەك كۆڭۈلگە گەر پاتسا جاھان!؟

305

ئىنسان بىر ئەينەكتۇر كۆرۈنگەن جاھان ،
تەپەككۇر خەزىندە ھەر تىلسىم ئايان.
بىر چېچەك بەرگىدىن دانا زېھنىگە
يەتكۈنچە تەبىئەت كەزدى كۆپ جاھان.

306

ئەقلىنىڭ ھەسرەتلىك تۈرى پۇشايمان ،
ئۇنىڭدا كىچىككەن ئەقىل نامايان.

كاجلىق ھەم ئىپتىخار باشقا-باشقا ئىش ،
جەھلىدىن زوقلانغان ئەڭ جاھىل نادان.

307

مۇھەببەت پاك كەلدى ئەۋلاتتىن بۇيان ،
چېچەكلەر شاد كۈلدى ، ياساندى جاھان.
پاك سۆيگۈ ، پاك يۈرەك پەخرى ئىنساننىڭ ،
ئۇنىڭسىز نە شەرەپ بولساڭمۇ سۇلتان ؟

308

بىر ئىنسان ، بىر مەھبۇب-باغرىڭدا جانان ،
زېھنىڭدە چەرخ ئۇرۇپ كەڭ جاھان ئايان.
دانىشىم ، بۇ ھايات بىر شاھمات گويا ،
ئۆزگىچە قىممەتتە ھەر ئۇرۇق-ھەر سان.

309

بىر ئۇلۇش ئۆزۈڭنىڭ تىنىغىن تىنىغىن ،
ئون ئۇلۇش ئۆزگىنىڭ غېمىنى قىلغىن.
ھالاۋەت گەر سالسا كۆزۈڭگە پەردە ،

ئەڭ ئۆتكۈر تىغ بىلەن پەردىنى تىلغىن.

310

ۋاخ پەقەت بۈگۈندۇر ، قۇربىتىڭ بۈگۈن ،

بەئەينى بىر مۇردا ئۆتمۈش-تۈنۈگۈن.

ۋاقىتنىڭ ئۈستىدىن قىلما كېبىرلىك ،

قالۇر مۇ تىنىقىڭ كىم بىلۇر ئۆگۈن ؟!

311

گۆھەر يوق-خارلىقتا ئۆزىن تۇتقانچە ،

كۆپ جەڭگاھ مەغلۇپتىن يەڭگەن-ئۇتقانچە.

زەپەردە مەغرۇرلۇق شارابىن ئىچمە ،

قونالغۇ ئۆمرۈڭدە قونار قۇت قانچە ؟

312

ئۆزگىلەر كۆركىگە زەڭ سالغىن ، ئۆگەن ،

ئۆزگە بوپ كېتەرگە گەر-سالساڭ يۈگەن.

ئۆزگىدىن ئۆگەنمەك ئۆز كۆركىڭ ئۈچۈن ،

كۆرك ئېرۇر كۆرك ئۈچۈن كۆركىن ئۆگەنگىن.

313

ئۆزەڭنى ئالدىما كىبىر تەختىدە ،
بىر مۇتلەق ھۆججەت يوق ئۆمۈر ئەھدىدە.
بوسۇغاڭ زەردىن يا كېسەكتىن بولسۇن ،
ھەركىمنىڭ راھتى سۆيگەن بەختىدە.

314

گۈزەللىك مەۋج ئۇرار ھەر بىر چېچەكتە ،
ئەڭ شېرىن خۇش پۇراق تۇنكى پۈرەكتە.
مۇھەببەت بولسىمۇ بارچە يۈرەكتە ،
ئادەملىك جەۋھىرى ئىجاد-ئىدراكتا.

315

بۇلۇتنىڭ كۆز يېشى چىمەنگە كۆلكە ،
گۈل كۈلكى بولبۇلغا ئىلھامدىن ئۆلگە.
كۈندەشلىك تەبىئەت بىر تىلسىم گويا ،
ئاسانلىق يوشۇرغان ھەتتا مۈشكۈلگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



316

ئۆمۈر بىر دەرەختۇر ، يېتىشتۈر مېۋە ،
ئەجىر قىل ، <ئاغزىمغا ئۈجمە چۈش> دېمە.
ئۆزگىنىڭ بېغىدا يايرىغان چېغىڭ ،
كۆرەلمەي ھەسەتتىن چىللىما دېۋە.

317

كۆپ دىيار ئايلاندىم-ئىلمىنى ، ياتنى ،
تاپمىدىم ئەل-يۇرتتەك قۇدرەت قاناتنى.
ئەل ئالتۇن بۆشۈكۈم ،ئەل گۆھەر تەختىم ،
قۇت ھەتتا ۋەتەندە چەكسەم پەريادنى.

318

قىرىق يىل ئاز بىلدىم ۋەتەن قەدرىنى ،
سۇ دېدىم سۇ شەكلى ئاققان ئەترىنى.
ئۆزگە ئەل ئەينەككەن ئۆزنى كۆرمەككە ،
بال بىلدىم ئەلدىكى ھەر بىر قەترىنى.

319

ماختانماق ناداننىڭ شۆھرىتى پەخرى ،
بىر خۇنۇك خىسلەتتىن ياڭرىغان نەھرى.
ماختانغان پىكىردە نە قىلسۇن زېھىن ،
ھەتتاكى سۆزىدە قىلچە يوق بەھرى.

320

يار بىلەن يېرىمدىن تەكرە تۇتساق بەس!
چىڭگىزدەك ئالەمنى قۇچماق ئەرزىمەس.
كۆڭۈلنىڭ لەززىتى مەئىشەت ئەمەس ،
ئەرك ، سۆيگۈ گەر يېرىم بولسا-باسار نەس.

321

بەزىلەر چۈشەرمىش تەخت ، ئايۋان-ساراي ،
بەزىلەر چۈشەرمىش پەرداز ، گۈل چىراي.
بەزىلەر چۈشەرمىش بولسا داڭدار باي ،
ئانا يەر چۈشەرمىش ›ۋاي قانداق قىلاي ؟

322

روبائىي-يايلاقتا چاپچىغان قۇلان ،
ئىزىدىن ئۈنگىنى خۇش پۇراق رەيھان.
روبائىي-ئالمىدەك دىلدىكى جاھان ،
تۆتلا قۇر ، نىمتى ئەلۋەك داستىخان.

323

يۇلتۇزلار ئاسماندا سانسى چاقنار تاش ،
تۈنلەردە زوقلانساڭ چۆپكە قويۇپ باش.
كىم بىلەر سەلتەنەت قوياش ئوچكەندە ،
يۇلتۇزدىن بەرق ئۇرۇپ زور قوياش.

324

مۇھەببەت ئىز قويماس كەش كىيىپ كىلەر ،
سىھىرلىك قارماقتەك كۆڭلىنى ئىلەر.
ئۇ شۇنداق ئوغرىكى ، ئوغرىلانغۇچى
تەڭرىدىن ئوغرىغا شاپائەت تىلەر.

325

بەزىلەر يوقسىز دەپ ئەسكە سالار پات ،

ۋە سورار قولۇڭدا بار قايسى بىسات ؟

ئاشىقمەن ، مەشۇقۇم تېخى ماگا يات ،

بۇ غەمدىن قۇتقۇزار بىر كۈن پەرىزات.

326

تور باسقان كاللىلار ، ئۆمۈچۈك پىكىر ،

لەبزىنىڭ دىتىدا قاي زامانقى سىر.

يۇلتۇزلار قەسىرگە چىقمايمۇ شائىر

قىلالار يۇلتۇزلار ۋەزىنچە زىكىر.

327

تۇرمۇشقا تۇزىلەر دەرسلىك ھەر زامان ،

دەرسلىكنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزگىرەر ھامان.

تۇرمۇش ئۇ ئۆركەشلىك دېگىز بىپايان ،

بىر بۇكىنىڭ تېگىگە سىغمايدۇ جاھان.

328

بەزىلەر ئۆزگىدىن ئەيىپلا ئىزدەر ،

ئۆزىنىڭ قىلمىشىن پەردازلاپ بېزەر.

ئۆزىنى ئالداپ ئۇ خاتا يول كېزەر ،

ئويغۇنۇپ ئەل بىركۈن ئۇنىڭدىن بېزەر.

329

ئويلىغان ئەقىللىق غەمسىز يۈرگەندىن ،

يىغلىغان بىر كۈنى ئۇتار كۈلگەندىن.

ئادەملەر ئۆلسىمۇ ئۆلمەيدۇ تارىخ ،

ئۇ قورقماس ئۆلگەن يا ھۆكۈم سۈرگەندىن.

330

بەزىدە <ھەقىقەت> سانالمىش يالغان ،

بۇ ئەرەم بېغىدا ئىبلىستىن قالغان.

شۇ يالغان تۆپەيلى زېمىن كۆكسىنى ،

قاسىراقتەك قاپلىغان جەڭلەردە قالغان.

331

دەرۋىشنىڭ چاپىنى مىڭ يېرى ئۇلاق ،

قولىدا تۇتقىنى ھەتتا يام تاۋاق.

تارىخنى كەلگۈسى يازار دېمەككى ،

يېزىلغان تارىخقا چۈشەر كۆپ ياماق.

332

ساقال ھەم رۇخسارنى بوياش ئۆز ئىشىڭ ،
تەلپەك كەي ، يالاڭ يۈر ئوخشاش بىر بېشىڭ.
تىلىڭنى بويىما ھەررەڭدە سۆزلەپ ،
ئۈنىڭدىن خورلىنىپ قاقشايدۇ تېشىڭ.

333

ھەر كۈنى چىللايدۇ خوراز: تاڭ ئاتتى ،
كالىندار بېتىگە بىر رەقەم قاتتى.
كۈن بويى ، يىل بويى بىرخىللا ئۆتكەن ،
نادانلار قەۋمىدىن بۇ بېشىم قاتتى.

334

بىلمىسەڭ جەڭنامە ، قىسسىدىن ئۆزگە ،
غەيۋەتچى خوتۇندەك كىرىشسەڭ سۆزگە.
غادىيىپ ئىلمىساڭ ئالەمنى كۆزگە ،
ھوقۇشنىڭ سايىسى چۈشمەسمۇ يۈزگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



335

ماشىنا ، جاھازلار قۇدرەت بەخش ئېتەر ،
كۆمۈلگەن بايلىقلار سەرپ ئەتسەڭ يېتەر.
پايانسىز تارىختا ھەر دەۋران ئەگەر ،
يېڭىچە تەپەككۇر قىلمىساڭ خەتەر.

336

يوق چاغدا زاغرىغا شۇنچە زار ئىدۇق ،
بار چاغدا ئېرىقتا زەر ئاقار ، دىدۇق.
ئەۋلاتقا ئىلىم-پەن بېغىنى راسلىماي ،
ياقۇتنى گۆر ياساپ قۇت تاپارمىدۇق.

337

بۇ رەيھان پۇرىقى ، رەيھان بەرگى ھەم ،
يىلتىزى تېنىدە ، شۇ خۇش پۇراق جەم.
ھەيرانمەن ، ئەقىللىق ئىنسان ئىچىدە ،
رەيھاندەك خىسلەتتى بىر خىللىرى كەم.

338

ئەقىل بىر قوياشتەك بالقىسا ئەگەر ،
ئىنسانلىق ئەقىلدىن بولسا مۇنەۋۋەر.
باش ئۈزى تاج ئىدى ، بولاتتى كۆلكە ،
شۇ تاجنىڭ ئۈستىگە يەنە تاقماق زەر؟

339

سۆھبەتمۇ خوپ شىپا گەر ئۈلپەت بولسا ،
سۆزلەردە مەرىپەت ، مۇھەببەت بولسا.
ئۈلپەتسىز كىشى ئۇ شىپاسىز بىمار ،
بىلەر ئۇ ھېكمەتنى سالامەت بولسا.

340

روھىيەت ئاجايىپ مۆجىز جاھاندا ،
روھىيەت روھ ئىزدەپ يۈرەر ئارماندا.
روھىيەت ھادىستىن قىلساڭ تەسەۋۋۇر ،
بىلگەيسەن بىر تىلسىم ياتار ئىنساندا.

341

هېچ ئىشنى ياقتۇرماس ئىنتىزار قىلىپ ،
كىشىكى ئۆزىنى بىر خوراز بىلىپ.
ئاقىلنى تەن ئالار مۇقەررەر ئالەم ،
نادانلار يۈرسىمۇ شۈنچە باز قىلىپ.

342

كۆلكىلىك ئىشلارنى كۆپ بايقار كىشى ،
ئالەمدىن خەۋەردار بولسا گەر بېشى.
ئاقىلمۇ بەزىدە قاقاھلاپ كۈلەر ،
ۋە بەزى ئېچىنىپ تۆكەر كۆز يېشى.

343

گۈزەللىك پەقەتلا ھۆسنىدە دېمە ،
سارغايسا گۈل ھۆسنۈڭ ئارتۇق غەم يېمە.
گۈزەللىك كۆپ ھوجرا-سارايدەك نېمە ،
گۈزەللىك تاجى ئۇ ئىجاتكار مېڭە.

344

www.uyghurkitap.com



ملك يللاپ جەك قلدۇق رەقىپ- يار بولۇپ ،
زەپەرنىڭ كەيىندىن نانغا زار بولۇپ.
ملك يلنى ئۆتكۈزۈپ باقساق ئالەمگە ،
قاپتۇ بۇ روھىيەت بىر بىمار بولۇپ.

345

مەسخرە قلماقتا ھوقۇقلۇق ئىنسان ،
ئللەتنى ئىپتىخار دەپ بلسە نادان.
ھيكمەتلەر كۆپ چقتى ھەر خىل كىسەلگە ،
چىقسىدى بۇ رەڭلك ئىللەتكە لوقمان.

346

كۆزۈڭنى ئاچمساڭ جاھان كۆرۈنمەس ،
بلمەسسەن يول يۇرمەي قەيەر ئېگىز-پەس.
كۆپ كۆرگەن كۆپ بىلەر ،كۆپ بىلگەن كۆكلەر ،
سوقۇنغان بخۇدنى قوغلاپ يۇرەر نەس.

347

زەرردىن تاغ بولۇر ، قەتردىن دەريا ،

دەققە ۋاقتتىن ئەسىرلەر بىنا.
دانا بوپ تۇغۇلماس ھەتتا ئەۋلىيا ،
باھارنى بېزىگەن سانسىز گۈل-گىيا.

348

ئۆتكەن ئۇ تارىختىن كۆپ ماختانما ، بەس!
گەر ھەيكەل قاتۇرساڭ ئۇ تۇرغان ئەلەس.
زېمىنغا غەرق بولغان ناھەق ئىشلارنى ،
ئاقلىماق ئىنسانغا بەسى مۇشكۈل ، تەس.

349

ھەر ۋەجنى ئۆز ئەھلى ئىزلەپ يۈرگۈدەك ،
مۇنەججىم كۆزەتكەي ئاسماننى دېمەك.
ھېكمەلەر بىلدىكى ، ئىنسان ۋەزنىدىن ،
ئالەمنىڭ سىرلىرىن چۈشەنمەك كېرەك.

350

نەزمىنى ئۆگەتكەن ماڭا بىر ھەۋەس ،
روبائىي بولسىنۇ ۋەيا مۇخەممەس.
ئەقىل ۋە ئىنسانلىق كۈيلەنمىسە گەر ،

يىرتىڭ بۇ نەزمەمنى بىلىپ ئەرزىمەس.

351

بەزىدە بۇ ئالەم تۇمانلىق بولدى ،

بەزىدە ئۆيلىرىم گۇمانلىق بولدى.

بىخۇدلۇق چاغلىرىم ، قۇتسىز چاغلىرىم ،

قوتان قان كۆنلەرگە قۇربانلىق بولدى.

352

باتۇرلار كېتىشتى پەللىگە يەتمەي ،

ئاقىللار غۇلاشتى ئەۋجىگە يەتمەي.

بەزىدە چېكىندى بۇ ئالتۇن تارىخ ،

دانالىق قۇدرىتى تەلۋىگە يەتمەي.

353

بەزىلەر پۇشۇلدار گويا ئارسلان ،

بەزىلەر خىرىلدار بىر ئېيىقسىمان.

بەزىلەر تىترىگەي بەئەينى توشقان ،

قاچاندىن مۇپتىلا بۇ كويغا ئىنسان ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



354

چىقسا سۆز گەر تۆردىن ئۇڭا سال قۇلاق ،
پەگادىن گەپ بولسا ئۇنى ئاڭلاپ باق.
ھەقىقەت قىممىتى نەسەپتە ئەمەس ،
بولدى بەس ، ئۇ بولسا يولۇڭغا چىراق.

355

قىرىق چاچ رىيسىدە قىزغا ياراشقاي ،
جىلۋىسى بىخۇدنىڭ ئۇيقىنى ئاچقاي.
يۇرتبازلىق شۇ چاچتەك قىرىق ئۆرۈلسە ،
ئىناقلىق شۇ ئەلنىڭ قەلبىدىن قاچقاي.

356

بىر پەرى ئۆتتى كوچامدىن ئەر تىلەپ ،
ھەر قەدەم باسقان ئىزىدا ئەركىلەپ.
كەتتى سۇمبۇل چاچىغا پىنھان قىلىپ ،
غۇنچە ھۆسنىدە دىلىمنى پەرپىلەپ.

357

www.uyghurkitap.com



سۈبھىدە چىقسام تالاغا شىر بولۇپ ،
ھەيۋە -مەغرۇرلۇق بويىچە بىر بولۇپ.
سېھرى بىرلە ئۆتتى تۇزدەك بىر گۈزەل ،
تىترىدىم قۇچقاچ كەبى <دىر-دىر> بولۇپ.

358

كەپتەر ئىزلەپ كەنتكە چىقتىم تاڭ سەھەر ،
ھالىتىمدە ئۇستا مەرگەندەك ئەسەر.
ئاھ نىتەي ، تىترەر تېنىم كەپتەر سۆيەت ،
ئىلپىز ئوۋلار بىر گۈزەل قۇچقاچ زەپەر.

359

بىر پەرى ئوينايدۇ ساچى ئارقىدا ،
يوق شىكارچى ياكى سەييات تۇرقىدا.
تۈلكە-توشقان ئاۋلىسا مەرگەن ئەگەر ،
نەچچە ئەرنىڭ باشى بار قاراقىدا.

360

باشتا كۆرسەمچۇ ئىسست گۈل رەڭگىنى ،
خام خىيال قىپ يۈرگىچە كۆلەڭگىنى.
نە ئىلاج تەقدىر مۇيەسسەر قىلمىسا ،
شۈكۈر قىلغىل بۇمۇ بەختىڭ كەلگىنى.

361

تارقىڭ سال بولسا ، دارىياغا سەنچە ساچ ،
سۇمبۇلنى جەم قىلسپ ئاڭا تاقتىڭ تاچ.
چىچەكتەك ھۆسنۇڭگە ئىپاردەك پۇراق ،
ئەمىسسەن رەڭ بىلەن ئەينەككە مۇختاچ.

362

مۇھەببەت يارىسى پاكىز جاراھەت ،
ئۇنىڭ ھەر ئازابى جىننگغا راھەت.
قەلبىڭگە گەر سۇلتان بولسا مۇھەببەت ،
بولۇرسەن بولساڭمۇ سۇلتان بىتاقەت.

363

ھەر بىر ئۆيىنى يوقلاپ كىرسەم تۇتۇن بار ،

ھەر قازاننىڭ ئاستىدا چوغ ۋاللىدار.
پەقە مېنىڭ باغرىمدىلا ، ئى دىلبەر ،
تۇتۇن بەرمەس ئۆزگە بىر ئوت لاۋۇلدار.

364

گۈل سۈنمەن ساڭا ھەر سەھەر ،
گۈل سۆيسەن ، پۇرايسەن ئىپار.
سەن بىلەمسەن-بىلمەمسەن دىلبەر ،
ھەربىر گۈلدە بىر دېمىدەم بار.

365

كۆمتۈرۈلگەن قەبرىدىن كۆرۈنمەس ئاسمان ،
ئۇنىڭدا ئىشقىدىن رەنج چەككەن ئىنسان.
گۈل بىلەن بولبۇلنىڭ پاجىئەسىن كۆر ،
سۆيۈشكەن لەبلەردىن غەمناك قان.

366

خىزرنى ئىزلەيمىز شەپقەت كۈتكىلى ،
ئۇلپەتلەر كۆزلەيمىز ھەسرەت تۆككىلى.

ھېچكىمنى كۈتمىسەڭ ئىللەت سۆككىلى ،
قانداقمۇ بەرگ ئاچار خۇش خىسلەت گۈلى ؟!

367

غەۋەتخور ئىززەتىڭ قاتىلى ئېرۇر ،
قاتىللىق قۇرالى شۇ تىل ئېرۇر.
ئۇنى بۇ نەس كويغا سالغان دەيدەيچى ،
خۇسۇمەت رەشك تولغان دىل پەس ئېرۇر.

368

بىر گۈزەل مەنزىر بار ئىنسان ئالدىدا ،
كۆرۈنمەي تۇرسىمۇ تۇمان ، دالدىدا.
ئىنساننىڭ ئىنسانلىق يېتۈك ھاياتى ،
نىقابىن ئاچقۇسى بىر كۈن ۋاللىدا.

369

ھالالنى دېگەندە <راھمان> بولغۇڭ بار ،
ھارامنى كۆرگەندە <شەيتان> بولغۇڭ بار.
ئاھ ئىنسان! <قەتردىن پۈتكەن> مۆجىزە ،

ھەر ئىككى قۇتۇپقا سۇلتان بولغۇڭ بار.

370

روزىغار غىمىدە قوقاس چىرايىڭ ،

خوشامەت كويىدا پالاستەك رايىڭ.

زىمىندەك ئالتۇننى ئىلكىڭدە تۇتساڭ ،

يەنىلا چىن ئىنسان بولالماس جايىڭ!

371

ئەركىن بىر چۇش كۆرمەك ، بەك ھوزۇر سۇرەت ،

ئىنسانغا ئۆزىنى تاپماقلىق قىممەت.

يەپ-ئىچىپ يۈرمەكنى ھېساپلىساق بەخت ،

ئۇ گويا سەن بىلەن تەڭ يۈرگەن لەھەت.

372

چاچلىرىم چىچىكىنىڭ قويىنغا چۆكتى ،

كۆزلىرىم كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە مۆكتى.

سايىمىز بىر بولدى ، ئەمما نىچۈندۇر ،

ھاياجان كۆڭۈللەر كۆز يېشى تۆكتى ؟!

www.uyghurkitap.com



373

دۈشمىنىڭ بال سۆزىدىن ،دوست ئاچچىقىن ئەۋزەل تۇت ،
دۈشمىنىڭ خارلىق كۆتسە ، ساڭا دوستۇڭ تىلەر قۇت.
دۈشمەنىڭ سېرىن سۆزى ئەجدەر بولۇپ ھوۋلىسا ،
شەمشەر تۇتۇپ ئات چاپساڭ ،دوستۇڭ بولار ھەم قول-پۇت.

374

مەيلى كەلگىن دانىشىم گادا لىباسى بىرلە ،
مەيلى ئىچكىل شەربەتنى غۇربەت كاساسى بىرلە.
ھۆرمىتىم ساڭا شاھتىن ئۈستۈنكى ، سىر ئەمەس ،
ئۆتكەچكە ھەر تىنمىشىڭ ئەقىل ئاساسى بىرلە.

375

ساما ئاسمانى قاراڭغۇ-بولمىسا شەمشى-قەمەر ،
ئەقىل غالىپلىقى جانسىز-بولمىسا سۆيگۈ ئەگەر.
دېڭىز مۈشكۈلى بولمىسا ، باھاسىز قۇم ئۈنچە-مەرمەر ،
ھاياتلىق تەختىنىڭ شاھى-ئۆزىن بىلمەك ئەنگۈشتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



376

ھايۋانلىقنى سىغىنماق-ئارتۇق ئىچىپ مەست بولماق ،
چۈشكۈنلۈكنى سىغىنماق-قەدىدىن پۈكۈپ پەس بولماق.
نامەرتلىكنى سىغىنماق-ۋاپاسىز ناكەس بولماق ،
ئامەت قېچىپ ، قۇت قېچىپ ئۆمۈر بويى پەس بولماق.

377

نە زاھىر كۈلكىلەر قۇتلۇق ،
نە غاپىل ھېيلىلەر قۇتلۇق.
پەلەك گەر قىلسا تەرسالىق ،
زەكىدىن تەلۋىلەر قۇتلۇق.

378

زىمىن ئاستىغا كىرسەڭ كىر ، بولما خەلقتىن يات ،
خالايىق گۈلشىنىنى ھەتتا خازان پەسلىدىمۇ ئاۋات.
مېنىڭ باغرىمنى گەر يارساڭ ئەقىدەم ئۇندا ئايانكى ،
خالايىق جەننىتىم ، كۆركىم ، خالايىق بىرلە باغرىم شاد.

379

نىتەيكى غەمكىن ئالەمدە غەمگۇزارىمدىن ئايرىلدىم ،

بۇ ھىجرەت دەشتىدە ۋەسلى چىمەنزارىمدىن ئايرىلدىم.

ئۆلۈمدىن باشقا مىڭ مۈشكۈل ئۈمىد ئىلھامى بەخش ئەتكەي ،

ئۈمىدسىز دەردكە دات ، رۇخسار تۇمارىمدىن ئايرىلدىم.

380

مۇھەببەت قەپىزىڭدە ئاقاردى غۇنچە باشىم ،

ئەقدە روكسىدا كۆپ هاردى شۇنچە باشىم.

يۇلتۇز ئەمەس ئەقلىمنى يورۇتقان ، زېھىندار باش ،

ساي تاشىدەك كۆز ياشىدا چۆمۈل ئۇنچە باشىم.

381

شىرنى يەڭگەن ئەزىمەت شېرىن سۆزگە ئەل بولدى ،

يامغۇر سۆيىدىن قېچىپ ، يولۇققىنى سەل بولدى.

گۈزەللەرنى ئاختۇرۇپ ،يۈرگەن ئىدى مەنسىتمەي ،

ئاخىرىدا تاپقىنى دىلى ئەما "چەل" بولدى.

382

www.uyghurkitap.com



قار چېچەكتا گۈل چېچەك ، مۆلدۈردە مېۋە ،
مۈشكۈللىكتە بىر راھەت ، ۋەھىمە يىمە.
قايغۇ بىلەن شاتلىققا كۆپ بولمە كۆڭۈل ،
كۈلگەن كۆزدىن ئاقۇر ياش يۈرگۈدەك كېمە.

383

ئاي دېسەم ئايمۇ ساмادا ئاي جامالىڭغا كۆيەر ،
گۈل دېسەم گۈلمۇ چىمەندە گۈل يۈزۈڭ دەپ ياش تۆكەر.
ئاي بىلەن گۈلنى قوشۇپ "ئايقىز" دېسەم ، "گۈلقىز" دېسەم ،
بەرگىدىكى شەبنەم كەبى لەبزىمدە پەيدادۇر شېكەر.

384

باقمىغايمەن توز قاناتىغا چېچىلىك تۇرغان چېغى ،
بۇلبۇل ئاۋازى نەھاجەت لەۋلىرىڭ كۈلگەن چېغى.
گۈلگە مۇنداق باقمىدىم سىنەمدە قوزغاتمايدۇ زوق.
جەننەتى جىسمىڭ بېغىدىن خۇش ئىپار ئۇرغان چېغى.

385

بىر پەرى سەردارىنى كۆردۇم چاچلىرى ھەيۋەت قوشۇن ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆزلىرى ھېكمەتلى جادۇ ، سېھرى ئەيلەر پېرىخون.
كۆرسىتىپ زىلۋا بويىنى ئۆتسە ئالدىڭدىن ئەگەر ،
بىر شامال تەككەن كەبى بىردەمدە ئەيلەيدۇ جۇنۇن.

386

ئول مەلەك دىلدارىغا باقسام يانا باققۇم كېلۇر ،
چاچلىرى دەرياسىدا يەلكەن بولۇپ ئاققۇم كېلۇر.
بىر كۆرۈپ گۈل ھۆسنىنى قايتا كۆرەرنىڭ پەندىدە ،
ئىزلىرىنىڭ خاكىنى سۈرمە بىلىپ ياققۇم كېلۇر.

387

بىر پەرى دىلدارىنى ئەيلەپتۇ تەڭرىم گۈل چىمەن ،
بەخش ئېتىپ كۆزىگە ئۇچقۇن ، لەۋزىگەمەي بىر لەقەن.
تەل ئېتىپتۇ جىسمىغا سەككىز بېھىش ئەۋزەللىكىن ،
قايسى مىسكىننى قىلۇر بۇ دەۋلەتىدىن بەھرىمەن.

ئىككىنچى قىسمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.